باتۇر روزى



4

يېڭى مائارىپ بايراقدارى

# ئابدۇقادىر داموللا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

يېڭى مائارىپ بايراقدارى ئابدۇقادىر داموللا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

6

رەسىمنى ئىشلىگۈچى : مۇرادىل ئابد
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : مۇرادىل ئابد

## تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر 6

1. ئىككى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ رىشتىسى — ئەھمەد زىيائى
2. پىداكار شائىر — نىمشېھىت
3. قەيسەر كارخانىچى — ئاكا - ئۇكا مۇسابايوفلار
4. يېڭى مائارىپ بايراقدارى — ئابدۇقادىر داموللا
5. مەرىپەت مەشئىلى — مەمتىلى ئەپەندى

ISBN7 - 228 - 08010 - 6
套价:30.00元

ISBN 7-228-08010-6
9 787228 080106 >

4

باتۇر روزى

يېڭى مائارىپ بايراقدارى

# ئابدۇقادىر داموللا

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر 6

**图书在版编目(CIP)数据**

阿布都卡迪尔大毛拉/巴图尔著. —乌鲁木齐：
新疆人民出版社，2003.5
(历史人物故事丛书. 第6辑)
ISBN 7—228—08010—6

Ⅰ. 阿… Ⅱ. 巴… Ⅲ. 故事—中国—当代—维吾
尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I247.8

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第035681号

责任编辑:阿布都吾甫尔·赛依丁
责任校对:阿达来提·马合苏提
封面设计:穆拉丁·阿比迪

历史人物故事丛书 第6辑
(3)
新教育旗手—**阿布都卡迪尔大毛拉** (维吾尔文)

巴图尔·肉孜 著

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
新疆《工人时报》印刷厂印刷
787×1029 毫米 32开本 4印张
2003年5月第1版 2003年5月第1次印刷
印数:1—5000册

---

ISBN 7—228—08010—6 套价(1—5):30.00元
(单价:6.00元)

# مۇندەرىجە

1. بۇخاراغا سەپەر ........................... 1
2. «خانغا يارىغان بېشىم تازغا يارىماپتۇ . . .» ........................... 8
3. 20 ـ ئەسىردىكى «قۇتادغۇ بىلىك» ......... 26
4. ئىككىنچى قېتىم ئانا يۇرتىغا قايتىش ...... 41
5. يېڭىچە مائارىپ ........................... 51
6. گۈلەختىكى باللار ........................... 59
7. ئاممىغا نەسىھەت ........................... 62
8. خىتاب ........................... 75
9. قەشقەردە ماتەم ........................... 89

# بۇخاراغا سەپەر

1870 ـ يىلى، ئاتۇشنىڭ مەھشەت يېزىسىدىكى بىر هويلىدا بىر توپ جامائەت ئۆرە ـ تۆپە بولۇشۇپ كەتكەنىدى. هويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئېسىلغان داشقازاندا شورپا قايناۋاتاتتى. ئۇنىڭ نېرىسىدىكى تونۇرغا تونۇر كاۋىپى ئۈچۈن تەييارلانغان بىر پاقلاننىڭ گۆشى پۈتۈن دۈملەنگەنىدى. هويلىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى ئاشخانا ئۆيدە بىر توپ ئاياللار ئېتەكلىرىگە سەۋزە توغراۋاتاتتى.

مېھمانخانا ئۆيدە يۇرت كاتتىلىرى، ئىمام، مەزىن، شەيخلەردىن تەركىب تاپقان مۆتىۋەرلەر چۆرىدىشىپ يىكەندازنىڭ ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشقانىدى. هويلىدىكى سۇپىغا سېلىنغان داستىخاننى چۆرىدەپ ئۆي ئىگىسى ئابدۇلۋارىسنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، قولۇم ـ قوشنىلىرى ئولتۇرۇشقانىدى.

جامائەتنىڭ ھەممىسى دېھقان ئابدۇلۋارىسنىڭ 15 ياشلىق ئوغلى ئابدۇقادىرنى قەشقەر خانلىق مەدرىسەگە ئۇزۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن يىغىلغانىدى. ئابدۇقادىر مۇشۇ ياشقا كىرگىچە 30 پارە قۇرئاننى تولۇق ياد ئېلىپ بولغان، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنىڭ ياخشىلىقى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلىكى بىلەن، مەھشەت يېزىسىدىكى ئۆلىمالارنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشلىرىغا سازاۋەر بولغانىدى. ھازىر ئۇ مېھمانخانىدىكى ئۆيدە مېھمانلارنىڭ قاتارىدا سۇلتان

سوٗتوٗق بوٗغراخان مازىرىنىڭ شەيخى سۆزلەۋاتقان بوٗغراخانغا ئائىت ھېكايىلەرنى بېرىلىپ ئاڭلىماقتا ئىدى. يوغان، قاپقارا قوي كۆزلىرىدە ئىلىمگە بولغان ئوتتەك ئىنتىلىش چاقناپ توٗراتتى.

شەيخنىڭ ھېكايىسى بوٗغراخاننىڭ ئوردىدا ئەرەب خەلىپىلىكىدىن دىن تارقاتقىلى كەلگەن ئەلچىلەر بىلەن ئۆتكوٗزگەن سۆھبىتى ئوٗستىدەكېتىۋاتقاندا، يوغان تەڭلىگە لىق كەلگەن بىر قويىنىڭ گۆشى داستىخانغا كەلتوٗروٗلدى. مېھمانلار شەيخنىڭ باشلامچىلىقىدا پاتىھەگە قول كۆتوٗروٗشتى. ئوٗلار «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دېيىشىپ، پارچىلانغان گۆشلەرنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. شورپا ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، داستىخانغا تونوٗر كاۋىپى، زىخ كاۋىپى، ئاش مانتا قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن كەلتوٗروٗلدى.

شوٗ تەرىقىدە قاش قارايدى. مېھمانلار ناماز خوٗپتەننى ئوقوٗپ بولغاندىن كېيىن مەۋلوٗت ئوقوٗشنى باشلىدى. مەۋلوٗت تاڭ سوٗزوٗلگەندە ئاران ئاخىرلاشتى. ئوٗلار سەھەر سالقىنىدا ھويلىنىڭ ئالدىدىكى ئېرىقتا تاھارەت يەڭگوٗشلەپ ناماز بامدات ئوقوٗشتى. ناماز بامداتتىن كېيىن جامائەتنىڭ ھەممىسى تاپقان ـ تەرگەنلىرىنى يىغىش قىلىپ ئابدوٗقادىرغا يوللوٗق توٗتوٗشتى. يوللوٗق توٗتوٗش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، جامائەت ئابدوٗقادىرنى ئوٗتتوٗرىدا توختوٗتوٗپ قويوٗپ، شەيخنىڭ باشلامچىلىقىدا ئابدوٗقادىرنىڭ قەشقەر خانلىق مەدرىسەدىكى ئوقوٗشىغا ئوٗتوٗق تىلەپ، ئىلمىنىڭ زىيادە، تېنىنىڭ ساغلام، رىزقىنىڭ كەڭ بولوٗشىغا تىلەكداشلىق بىلدوٗروٗپ، ئوٗزوٗندىن ـ ئوٗزوٗن دوٗئا قىلىشتى. دېھقان ئابدوٗلۋارىسنىڭ



يوٗزىدە پەخىرلىنىش توٗيغوٗسى تېشىغا تېپىپ توٗراتتى.

ئارىدىن يىگىرمە يىل ئۆتكەندە، قەشقەردىكى ئۆلىمالار ئوٗنى ئىككىنچى قېتىم يەنە شوٗنداق دوٗئا قىلىپ قەشقەردىن بوٗخاراغا ئوٗزوٗتوٗپ قويدى. بوٗ 1890 ـ يىلى ياز ئايلىرىنىڭ مەلوٗم بىر كوٗنى بولغان ئىش: قەشقەر ھېيتگاھ جەمەسىنىڭ ئالدىدىكى گوٗلزارلىقتا قىزىل گوٗللەر ھوٗپپىدە ئېچىلىپ ئەتراپقا خوٗشپوٗراق چېچىپ توٗراتتى. چىڭقى چوٗشتىن قايرىلغان مەزگىل بولوٗپ، جامەنىڭ موٗنارىدىن ئاڭلانغان موٗڭلوٗق ئەزان ئاۋازى يىراق ـ يىراقلارغا ئوٗچوٗپ كېتىۋاتاتتى. ئادەملەر توپ ـ توپ بولوٗپ جامەگە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئوٗستىدە ئەزان ئېيتىۋاتقان مەزىن دەل ئابدوٗقادىر بولوٗپ، بوٗگوٗن ئوٗنىڭ ئاخىرقى قېتىم ئەزان ئېيتىشى ئىدى. بوٗگوٗن ئوٗ قەشقەردىكى جامائەت بىلەن خوشلىشىپ، ئەتە ئەتىگەندە قوقان شەھىرىگە ماڭماقچى بولوٗۋاتاتتى.

ناماز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مېھراپنىڭ ئالدىدا ئىمامغا ياندىشىپ ئولتوٗرغان شەيخوٗل ئۆلىما موللا ئىسلام داموللام ئالدىغا چىقىپ گېلىنى قىرىپ قويوٗپ سۆزگە كىرىشتى:

— ئابدوٗقادىر مەزىن جوٗزئىيات ئىلمىدا كامالەتكە يەتتى. ھەدىسلەر بىلەن ئەتراپلىق تونوٗشتى. «گوٗلىستان»، «ئەمىر نەۋائى»، «دىۋانى ھاپىز» قاتارلىق كىتابلارغا موٗپەسسەل مەنا ئېيتالايدىغان بولدى. ئابدوٗقادىرنىڭ زېھنى قوٗۋۋىتىنىڭ ئۆتكوٗرلىكىگە قەشقەردىكى ئۆلىمالار قايىل بولدوٗق. ئوٗنى ئەمدى ئىلمى مەنتىقە ۋە باشقا ئىلىملەردىن تېخىموٗ چوڭقوٗر مەلوٗماتقا ئىگە

قىلىش ئۈچۈن ئەتە بۇخارايى شەرىپكە يولغا سالماقچىمىز. قېنى، جامائەت، ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ تېخىمۇ زىيادە بولۇشىغا دۇئا قىلايلى!

جامائەت تەڭلا دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

ھىجرىيە 1271 ـ يىلى (مىلادىيە 1854 ـ، 1855 ـ يىللىرى) ئاتۇشنىڭ مەھشەت يېزىسىدىكى ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر كىشىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ئابدۇقادىر باللىق دەۋرىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزدى.

مەدرىسە ـ مەكتەپلىرى بولمىغان يۇرتنى ھەقىقەتەن چۆلدەرەپ قالغان يۇرت دېيىشكە بولىدۇ. ئەكسىچە، تۇپرىقىدىن بىر تال گىياھ ئۈنمىسىمۇ، ئەمما مەرىپەت ئوچاقلىرى جانلىنىپلا تۇرغان بولسا، بۇنداق يۇرتنى ئالدىراپ چۆلدەرەپ قالغان دېيىشكە ئادەمنىڭ تىلى بارمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق يۇرت ئىلىم بىلەنلا ھەقىقىي ئاۋات بولىدۇ. قاراخانىيلار خانلىرىدىن تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خاقان — سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانى دەپنە قىلىنغان بۇ مەشھۇر جايدا تارىختا ئۆتكەن كىشىلەر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن قەبرىگاھ يېنىغا مەسچىت، مەدرىسە، خانىقالارنى بىنا قىلغانىدى. بۇ يەردىكى ئۆز ۋاقتىدا مەھمۇد ھېكىمبەگ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ھەمرا خېنىملاردەك تالانت ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرگەن «ھەزرىتى سۇلتانىيە مەدرىسەسى» كىچىك ئابدۇقادىرغىمۇ باشلانغۇچ ساۋاتقا ئىگە قىلىدىغان تۇنجى مەرىپەت بۆشۈكى بولدى. ئۇ



15 ياشقا كىرگەندە، يۇرتداشلىرىنىڭ ئۆزىنى قەشقەرگە قانداق دۇئالار بىلەن ئۇزىتىپ قويغىنىنى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ پەقەت ئۇنتۇپ قالمىدى. بۇ دۇئالارنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنغان باھاسىز ئىستەكلەر ئابدۇقادىرنىڭ تۇيغۇن يۈرەكلىرىگە روشەن ئىدى. ئۇ قەشقەر شەھىرى ئوردا ئىشىكىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسە»گە ئوقۇشقا كىردى. بۇ مەدرىستە ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شۇ چاغدىكى قەشقەرنىڭ داڭلىق ئۆلىمالىرىدىن «موكا» لەقەملىك ياقۇپ ئاخۇن داموللام ۋە موللا ئىسلام داموللامدا سوقۇلۇۋاتقان تامغا ئازگالدىن سۇنۇلغان لايدەك، قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ئوقۇدى.

قايناق ئوقۇش ھاياتى قەشقەرنىڭ تازا تىنچ بولمىغان بىر مەزگىلىگە توغرا كەلگەن ئابدۇقادىر چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمى، ھەددى ـ ھېسابسىز ئالۋان ـ سېلىقلىرى خەلق ئاممىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلاڭ ـ ئىسيان كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەي ۋە ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىماي قالمىدى. كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قەلبىدە غەزەپلىك دولقۇنلارنى لەك ئاتقۇزۇپ تۇراتتى. ئابدۇقادىر ئىچ ئاغرىتقان خەلقمۇ ئۇنچىۋالا بېلى بوش خەلق ئەمەس ئىدى. شۇ يىللاردا كۇچادا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى راشىدىن خوجا ھاكىمىيىتىنى، خوتەندە كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى ھاكىمىيىتىنى، شىمالىي شىنجاڭدا كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى ئىلى سۇلتانلىقىنى، ئۈرۈمچىدە كۆتۈرۈلگەن خەلق قوزغىلاڭلىرى خۇيزۇ تۇمىڭ ئاخۇن ھاكىمىيىتىنى

ئارقا - ئارقىدىن تىكلىگەن ۋە چەك سۇلالىسى هۆكۈمرانلىرىنى شىنجاڭدىكى هۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىپ قويغانىدى. قەشقەردىمۇ ئۆمرى كۆتە قىرغىز سىدىقبەگنىڭ هاكىمىيىتى قۇرۇلغانىدى. بۇ هاكىمىيەت ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي قوقاندىن كەلگەن بۇزۇرۇكخان تۆرىنىڭ، ئاندىن ياقۇپبەگنىڭ هاكىمىيىتىگە ئالماشتى. ۋاراقلىنىۋاتقان كىتابتەك، بۇنداق تېز - تېز هاكىمىيەت ئالمىشىشلار هېلىدىن - هېلىغا يېڭى - يېڭى ئۇرۇش، يېڭى - يېڭى نىزا ۋە جاڭجاللارنى توختاۋسىز پەيدا قىلىپ تۇراتتى. ئەنە شۇنداق تىركىشىش توختىمايدىغان ئەنسىز يىللاردا تۇغۇلۇپ قالغان ئابدۇقادىر ئەتراپىدىكى مالىمانچىلىقلارنى پىسەنتىگىمۇ ئالماي، ئىلىم ئۆگىنىشكە بەجانىدىل كىرىشىپ كەتتى. ئابدۇقادىر پەقەت ئىلىمنىڭلا زامانىنىڭ تىكىشىنى توختىتىدىغان ئۇلۇغ كۈچ ئىكەنلىكىگە خۇددى ئاللاغا ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتى. گەرچە ئىچكى ئۇرۇش، نىزا - جاڭجاللار قۇلاق تۈۋىدە پەيدا قىلغان ئەنسىزچىلىكلەر هازىرچە ئىلىمدىن باشقا نەرسىنى دوست تۇتماي كەلگەن، ئىلىمدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل جانانىنىڭ ئىشتىياقىدا ئاشىقلىق قىسمىتىگە دۇچار بولغان ئابدۇقادىرنىڭ بىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، ئوتقا ياغ چاچقاندەك، ئۇنى هەسسىلەپ كۈچەيتىپ باراتتى. بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە، ئىلىم سەۋداسىغا ئايلانغان ئابدۇقادىر قانچە كۈچەپ ئۇرۇلغانسېرى شۇنچە ئېگىزگە قاڭقىپ، سەندەلگە تېخىمۇ بېسىم بىلەن قايتا ئۇرۇلىدىغان بازغانغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئىلىمگە بولغان ئىشتىهاسى كۈنسېرى يوغىناپ كېتىۋاتقان ئابدۇقادىر قەشقەردە



ئىگىلىگەن بىلىملىرى بىلەن قانداقمۇ قانائەت هېس قىلسۇن؟ هازىر ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇش قان بىلەن كىرگەن خۇينى ئۆزگەرتىشتىنمۇ قىيىن بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئىلىمگە بولغان قاندۇرۇپ بولغۇسىز ئىشتىهاسىنى پەسكويغا چۈشۈرۈش ئىستىكىدە تارىختا «ئىسلام دىنىنىڭ قۇۋۋىتى» دەپ شۆهرەت تاپقان بۇخارا شەهىرىگە سەپەر قىلدى.

# «خانغا يارىغان بېشىم تازغا يارىماپتۇ...»

1900 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدىكى قارلار ئېرىپ، ئېرىقتا ئەگىزلەر ئەمدىلا ئېقىشقا باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ناماز بامداتتىن كېيىن، بۇخارادىكى كۆكتاش مەدرىسەگە قايتىپ كەلگەن بىر توپ تالىپلار ئادىتى بويىچە ئابدۇقادىر داموللامنى چۆرىدەپ قىزغىن بەس ـ مۇنازىرىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى:

— «ئۇسۇلى جەدىت هارام» دېگۈچىلەر ئەسىرلەردىن بېرى تەكرارلىنىپ جۇلىقى چىقىپ كەتكەن ئاتالمىش هاشىيەخانلىق ئۇسلۇبىنىڭ جاهىل ۋارىسلىرى، — دېدى ئابدۇقادىر داموللا كەسكىن تەلەپپۇزدا، — بۇرۇنقى تەپسىر كىتابلاردا بېرىلگەن هاشىيەلەرنىڭ كۆپ قىسمى شەرئەت ئىلمى كۆزلىگەن هەقىقەتلەردىن بىر ئاز چەتنەپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۆپلىگەن قارىيلار هاشىيەلەرنى ئۆلۈك هالدا يادلىۋېلىپ، مۇبارەك «قۇرئان كەرىم»گە قالايمىقان مەنا ئېيتىدىغان، هەتتا هاشىيەلەرنى ئايەتلەرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان غاپىللىقلارغا يول قويۇۋەرگەن. بىز «قۇرئان كەرىم»نى تەپسىر قىلغاندا، يەنىلا ئايەتلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى چىقىش قىلىپ، ئىشەنچلىك تەپسىرلەردىن پايدىلىنىپ مەنا ئېيتىشىمىز كېرەككى، هەرگىز هاشىيەلەرگە قارىغۇلارچە ئېسىلىۋالماسلىقىمىز لازىم. ئۇسۇلى جەدىتنى يولغا قويغاندا، ئالدى بىلەن ئوقۇش



تۈزۈمىنى ۋە دەرسلىك كىتابلارنى كەسكىن ئىسلاھ قىلماي بولمايدۇ. كونا ئۇسۇلنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن تەرەپلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، هۆر ۋە ئازاد پىكىر ئىگىلىرىنى دەرس مۇنبىرىگە چىقىرىشىمىز لازىم. بىزنىڭ تەرەققىياتتا ئارقىدا قېلىشىمىزدىكى تۈپ سەۋەب كونىلىققا كاندەك مەهكەم چاپلىشىۋېلىپ، يېڭىلىققا ئىنتىلمەي، شۈكرى ـ قانائەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمىزدا. خەلقنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى ئالدى بىلەن مائارىپقا باغلىق. مائارىپ تەرەققى قىلىدىكەن، ئۇ هالدا خەلقنىڭ روهى دۇنياسىنى چىرماپ ئالغان قالاقلىق، نادانلىق، خۇراپاتلىققا ئوخشاش مەنىۋى ئىللەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچقىلى، خەلقنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، دۇنيادىكى ئىلغار خەلقلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتكىلى بولىدۇ...

ئابدۇقادىر داموللام بۇخارادىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇراتتى. شۇڭا بۇخارادىكى ئالىم ـ ئۆلىمالار ئارقا ـ ئارقىدىن سۆهبەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، داموللام بىلەن كېچە ـ كۈندۈز مۇنازىرە قىلىشاتتى، مۇنازىرە ئاساسەن ئۇسۇلى جەدىت ئۈستىدە باراتتى. بۇخارا ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپ قىسمى دېگۈدەك «ئۇسۇلى جەدىت هارام، ئۇنى ئوقۇش دەهرىلىك» دەپ قارايتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىنى ئەرەبلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئۆز خەلقىدىن يىرگىنىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنىدى. شۇنداق سۆهبەتلەرنىڭ بىرىدە دامولللام ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالدى:

— ئىلىم يۈزىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇخارانىڭ

«شەرىپ» بولۇشى ئۈشبۇ بىمەنە، بىمەززە هاشىيە ئوقۇغانلىقتىنمۇ؟ كۆكۇلتاش، مىر ئەرەب، هەۋزى دىۋان بېگى دېگەندەك هەشەمەتلىك مەدرىسە بىنالىرىنىڭ بولغانلىقىدىنمۇ؟ ياكى ئىسلام ئالىملىرى مۇخالىپلارنىڭ قىلغان هۇجۇم زەربىلىرى دەهشىتىدىن بىئىلاج ئىستىقبال ۋە ئاخىرەت ئەندىشىسىدىن ۋاز كېچىپ، غەپلەت ۋە بىكارچىلىق بىلەن زايە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقتىن ئىبارەتمۇ؟! ياق، هەرگىز ئۇنداق ئەمەس! جانابى هەق پۈتۈن ئىسلام ئالىمىنىڭ ئۆلىمالىرىغا، بولۇپمۇ بۇخارا داموللىلىرىغا ئىنساپ بەرسۇن! ئۇلار بارغانسېرى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاپ، خەلق ئالدىدا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچىنى ئۇنتۇپ قىلىۋاتىدۇ، بۇ تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىش. پەيغەمبىرىمىز هەدىسلىرىنىڭ بىرىدە: «ئۇممەتلىرىم ئىچىدە ئىككى خىل كىشىلەر بار، ئەگەر ئۇلار ياخشى بولسا كىشىلەرمۇ ياخشى بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇلار بۇزۇلسا، كىشىلەرمۇ بۇزۇلىدۇ، ئۇلار يۇرت كاتتىلىرى ۋە ئالىملاردۇر» دەپ ئېيتقان ئەمەسمۇ؟

ئابدۇقادىر داموللام بۇخاراغا بېرىپ دەسلىپىدە ئابدۇلئەزىزخان مەدرىسەسىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. بۇ جەرياندا قۇرئان، هەدىس، ئىلمى تەجۋىد، ئاقائىد قاتارلىق ئىسلام تەلىماتلىرىدىن باشقا، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمى مەنتىق، هەتتا هېساب دەرسلىرىدىن ئۆگەنمىگەنلىرى قالمايدۇ. ئۇ مەدرىسەنى ئەڭ مۇنەۋۋەر تالىپ بولۇپ پۈتتۈرىدۇ. ئانا تىلىدىن باشقا ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلەپ، ئۆز ئانا تىلى بولمىغىنىغا قارىماي، بۇ تىللاردىمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايدىغان كاتتا



زۇۋاندازلاردىن بولۇپ قالغانىدى. خوجا هاپىز، شەيخ سەئىدى، سوپى ئاللا يار، خوجا ئەخمەت يەسەۋى، هۇۋەيدا، فۇزۇلى، نەۋائى، مەشرەپلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ، چېينى چاي، شامىسىنى شاما قىلىپ تاشلىۋەتكەنىدى. بۇ كىتابلاردىن ئۇنىڭغا «چاي» سۈپىتىدە ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك هەۋەس ئېشىپ قالدى. پەيلاسوپلارچە پىكىر بولمىغان ئەدىبلىكنىڭ هالىغا ۋاي! قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمىغاندەك، قۇرۇق هېسسىيات بىلەنمۇ ئەدەبىيات بىناسى ئۆرە تۇرمايدۇ، ئەلبەتتە. شۇڭا ئابدۇقادىر داموللام فارابى، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق يۇنان پەلسەپەسى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، تەپەككۇر ساهىبقىرانىغا ئايلىنىپ توختايدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام ئوقۇشنى ئەنە شۇ تەقلىتتە زور ئىلمىي ۋە ئىجادىي ئۇتۇقلار بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇخارا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەهەرلەردە گۇررىدە بازىرى چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانا يۇرتى قەشقەرگە قايتىشقا ئالدىراپ ئىزتىراپ چېكىۋاتقىنىغا قارىماي، سەمەرقەند، ئۇفە قاتارلىق شەهەرلەردە بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلىپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام بۇ شەهەرلەردە مۇدەررىسلىك قىلىش بىلەنلا بولدى قىلامدىغان؟ ئۇ مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا ۋاقىتتىنى خۇددى نامازخانلىرى كۆپ مەسچىتنىڭ تەرەت سۈيىنى ئاياپ ئىشلەتكىنىدەك تېجەپ ئىشلىتىپ، دەرسلىك ئېهتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، «ئاقائىد زۆرۈرىيە»، «ئىبادەت ئىسلامىيە» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ، قەشقەرلىك ئۆمەربايىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن ئۇفادا نەشر قىلدۇرىدۇ.

قۇرۇق كىتابى ئالىملىقنى ئاجىزلىقتىن بېشارەت دەپ قارايدىغان ئابدۇقادىر داموللام ۋەتەنگە قايتىشتىن ئىلگىرى كاللىسىدىكى تالاي ـ تالاي چېگىش سوئاللارغا تۇرمۇشنىڭ نەق ئۆزىدىن جاۋاپ تېپىشنى كۆزلەپ تاشكەنت، خوجەنت، قازان، ئىستانبۇل قاتارلىق جايلاردا ساياھەتتە بولىدۇ.

ئابدۇقادىر دامولام ئايرىلغىنىغا 17 يىل بولغان ۋە تولا سېغىنىپ كۆزىدىن ئۇچۇپ كەتكەن قەشقەرگە 1907 ـ يىلى قايتىپ كېلىدۇ.

ئۇ قەشقەرگە نەق ئەمدىلا بىخلىنىپ، كۈندىن ـ كۈنگە باراقسان بولۇۋاتقان يېڭىچە پەننىي مائارىپ بىلەن دىنى ئەقىدىنى مەزمۇن قىلغان يەككە ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىكى فېئوداللىق كونا مائارىپ ئۆزئارا تىركىشىۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ ئۈستىگىلا چۈشۈپ كەلگەنىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى مائارىپ مۇھىتىغا مەھلىيا بولۇپ كۆزى قىيالماي قايتقان ئابدۇقادىر دامولامنىڭ يېڭىچە پەننىي مائارىپنىڭ تەشەببۇسچىلىرى بولغان ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايلار تەرەپتە تۇرۇشىغا گەپ كەتمەيتتى. قىرىم تاتارلىرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇرى ئىسمايىل غاسپىرالى رۇسىيەدىكى نادان ۋە قاششاق تۈرك خەلقى جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىپ، رۇسىيىدىكى تاتارلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئۇلارنى ئۆز ھوقۇقلىرىغا ئېرىشتۈرۈشنى كۆزلەپ ئۆز يۇرتى باغچا سارايدا زامانىۋى مەكتەپ ئاچقىلى نىكەم؟ 1884 ـ يىلى باغچا سارايدىكى بۇ تۇنجى زامانىۋى مەكتەپ قۇرۇلۇپ بىر يىلدىن كېيىنلا ئاتۇشتىمۇ مەرىپەتپەرۋەر مۇسابايلار جەمەتى تاپ باستۇرۇپ زامانىۋى «ھۈسەينىيە مەكتىپى»نى قۇرغانىدى. بۇ



مەكتەپلەردە «ئۇسۇلى جەدىت » دەپ ئاتىلىدىغان يېڭىچە مائارىپ ئۇسۇلى يولغا قويۇلغانىدى. كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئۇسۇلنى ھىمايە قىلغۇچىلار ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى قوزغاپ، بۇ ھەرىكەتنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوسمانلى تۈرك ئىمپېرىيىسىگىچە كېڭەيتىپ، «ئورتاق تۈرك تىلى» نى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

رۇسىيىگە قوشنا بولغان قەشقەر، غۇلجا قاتارلىق ئاساسلىق شەھەرلەردىمۇ يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا قويۇلۇشقا باشلايدۇ. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قەشقەر قاتارلىق جايلارغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، يەر ئىجارىسى يىغىش باشلانغاچقا، كەڭ كۆلەمدە يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان كونا بەگلەر قاتلىمى خارابلىشىدۇ. 1881 ـ يىلى ئىمزالانغان «سانكىت ـ پېتىربۇرگ شەرتنامىسى» دا شىنجاڭدا باج تۆلىمەسلىك ھوقۇقىغا ئېرىشكەن چارروسىيە سودىگەرلىرى قەشقەر قاتارلىق جايلارغا تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ بېسىپ كىرىپ، يەرلىكنىڭ روسىيە سودىسىغا بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ ئەھۋال مەخسۇس سودا ـ سانائەت بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان «باي» لەقەملىك مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلىتىدۇ. ئاكا ـ ئۇكا ھۈسەيىن باي بىلەن باۋۇدۇنباي خەلقئارالىق سودا بىلەن شۇغۇللىنىپ، شىنجاڭدىلا ئەمەس، بەلكى ئالمۇتا، بىشكەك، سېمىپالاتىنىسكى، تاشكەنت، ئەنجان، موسكۋا قاتارلىق جايلاردا شۆبە ۋاكالەتخانا ئاچىدۇ. ئۇلارنىڭ دادىسى «مۇساباي» نىڭ نامىدا «مۇسابايلار جەمەتى» دېگەن داڭق ئالەمگە پۇر كېتىدۇ.

ئۇلار سودا پائالىيىتى بىلەنلا قالماي، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيەلەردىن تېخنىك خادىملارنى تەكلىپ قىلىپ تۈرلۈك زاۋۇتلارنىمۇ قۇرغانىدى. 1909 - يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان كۆن - خۇرۇم زاۋۇتى گېرمانىيىدىن كىرگۈزۈلگەن، توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان، نېمىس تېخنىك ۋە يۈزلىگەن يەرلىك ئىشچى ئىشلەيدىغان زامانىۋى زاۋۇت ئىدى.

يېڭىچە مائارىپ يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا مەدرىسە مائارىپى كەڭ ئومۇملاشقانىدى. مەدرىسەلەردىكى بىر سىنىپقا ھەر خىل ياشتىكى، بىلىم سەۋىيەسى ھەر خىل ئوقۇغۇچىلار يىغىلغان بولۇپ، بىر ئوقۇتقۇچى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوقۇش سۈرئىتىگە قاراپ ساۋاق بېرىش ئۇسۇلىنى قوللانغاچقا، ئۆمىلەپ - ئۆمىلەپ قىردىن ئاشالمايدىغان قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى. يەنە كېلىپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى جەھەتتە «قۇرئان كەرىم» ۋە ئەرەبچە، پارسچە ئەسەرلەرنى يادلىتىش ئاساس قىلىنغاچقا، ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن خەت يازالمايتتى. شۇڭا ئۇ كۈنلەردە شىنجاڭدىكى تالىپلار ئارىسىدا: «زەنجانى كىتاب كۈندۈزىمىزنى كېچە قىلدى؛ ئالتەيلەن ئىدۇق، يەتتىلىمىزنى گاچا قىلدى» دېگەن مەدرىسەدىكى موللىلارنى مەسخىرە قىلىدىغان ھەجۋى قوشاق كەڭ تارقالغانىدى.

چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى تەسىس قىلغاندىن «خۇسۇسىي مەكتەپ» لەرنىمۇ ئاچقان، كېيىنچە بۇ مەكتەپلەر خەنزۇ تىلى ئۆگىتىش ئارقىلىق ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان كىشىلەرنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان «شۆتاڭ» لارغا ئۆزگەرتىلگەنىدى. چىڭ



سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىگە كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە بۇنداق شۆتاڭدىن 500 نەچچىسى ئېچىلغان بولۇپ، 1500 دىن ئارتۇق بالا ئوقۇغانىدى، جۈملىدىن قەشقەر كوناشەھەر ناھىيىسىدىلا بۇنداق مەكتەپتىن 16 سى ئېچىلغانىدى.

1894 - يىلىدىن باشلاپ، دىن تارقاتقۇچىلار دوختۇرخانا، باسمىخانا بىلەن بىرگە يەنە مەكتەپلەرنىمۇ ئاچقانىدى. ئۇلار مەكتەپكە يىغىۋالغان يەرلىك مۇسۇلمان يېتىم - يېسىر، نامرات بالىلارنى كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلەپ، «ئىنجىل» ئوقۇش، مۇناجات ئېيتىشتەك ياۋروپالىقلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قاراتقان مائارىپىنى يۈرگۈزگەنىدى.

يېڭىچە مائارىپ بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، ئوقۇش، يېزىش مەشىقى، ئىسلام ئاساسىي بىلىملىرىگە ھېساب، تەبىئى پەن، تارىخ، جۇغراپىيە، رۇس تىلى، خەنزۇ تىلى قاتارلىق ئاساسىي تەربىيە دەرسلىكلىرىنى قوشۇپ كىرگۈزۈش، ئانا تىلدىكى كىتاب - ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى.

خەلقئارالىق سودا، زامانىۋى زاۋۇت باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇساباي جەمەتىدەك كارخانىچىلار ۋە تەرەققىپەرۋەر دىنىي زاتلار يېڭىچە مائارىپنىڭ يېزىلاردىكى قالاقلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارىلىۋاتقان مەدرىسەلەرگە قارىغاندا كۆپ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى، مىللىي مائارىپ ئىدىيىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. قەشقەرلىكلەر دىن تارقاتقۇچىلار مەكتىپى يىغىۋالغان مۇسۇلمان بالىلىرىنىڭ «خرىستىيانلىشىپ كېتىش خەۋپى

بار» دەپ قاراشماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە يېڭىچە مائارىپ بۇنداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئۇنۇملۇك تەدبىر بولۇپ قالغانىدى.

1909 ـ يىلى، مۇساباي جەمەتى غۇلجىدا ئاچقان مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان 27 نەپەر بالىدىن ئىمتىھان ئالىدۇ. تاتار مۇئەللىمەسى سارا خانىم ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەپ، «قۇرئان كەرىم» دىن باشقا، ھەرخىل ھۈنەرلەرنى، ئاقائىدى، ھېساب، جۇغراپىيە دەرسلىرىنى ئۆگەتكەنىدى. ئوغۇللار مەكتىپى دەپ تونۇلغان «دارىلشەپقەت» تە چەت ئەللەردە ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار ئىستانبۇل، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردىكى مەكتەپلەرنىڭ پروگراممىلىرى بويىچە ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغان ھەمدە رۇس تىلى ۋە خەنزۇ تىلى ئۆگەتكەنىدى. گەرچە بۇلار ئوقۇتىدىغان دەرسلەرنىڭ دائىرىسى تار، تىجارەت ۋە زاۋۇتقا كېرەكلىك بىلىملەر كۆپرەك بولسىمۇ، ئۆز جەمەتىنىڭ سودا ـ سانائەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇنەۋۋەر ئەمگەكچىلەرنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلغان مۇساباي جەمەتىگە ئارتۇقچە ئەيب ئارتقىلى بولمايتتى.

بۇ چاغلاردا ئۇستۇن ئاتۇشتىمۇ مۇساباي جەمەتىدىن ھۈسەيىن باي «خەيرى ـ ئېھسان بىرلەشمىسى» تەسىس قىلىپ، «مەكتەپ ۋە كۇتۇپخانا قۇرىمىز، چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلارغا مەبلەغ ياردەم قىلىمىز» دەپ ئېلان چىقارغانىدى. ئۇلارنىڭ تەسىرى ئۇستۇن ئاتۇش تەۋەسىدىلا ئەمەس، پۈتۈن قەشقەردىمۇ كۈچلۈك ئىدى. غۇلجىدا مۇسابايلاردىن باشقا، رۇسىيىلىك تاتارلار، يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن بىر قانچىسى يېڭىچە مەكتەپ ۋە



قىرائەتخانىلارنى ئېچىپ، ئۇيغۇر تىلىدا گېزىت ـ ژۇرنال چىقىرىپ، غۇلجىدا مەرىپەتپەرۋەرلىك كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنى قەشقەرنى مەركەز قىلغان مۇتەئەسسىپلىككە سېلىشتۇرغاندا، قەشقەر تەرەپ يەنىلا كۈچلۈك ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرگە كېلىپلا مانا مۇشۇنداق كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتىن مۇتلەق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ تۇرغان مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قاتتىق بېسىمىغا دۇچ كەلگەنىدى. «بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەگەكلىك زامانى؛ جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم ـ مەرىپەت دەۋرى؛ سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش ۋاقتى. باشقا خەلقلەر ئىلىم ـ مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلىۋاتقاندا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشۈۋاتقاندا، يەنە غەپلەت ئۇيقۇسىدا يېتىپ، كونا مەكتەپلەرنىڭ رېئال ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، خەلقنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا، دەۋرنىڭ تەلىپىگە قىلچە ماسلاشمايدىغان دوگما تەلىم ـ تەربىيە ئۇسۇلىغا، پۈتۈنلەي ئەرەب ـ پارس تىلىدىكى دىنىي كىتابلارنى دەرسلىك قىلغان ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى ۋە بىلىم ئىقتىدارى بىلەن ھېسابلاشماستىن، چۈشەنسىمۇ، چۈشەنمىسىمۇ كىتابنى قارىغۇلارچە يادلىتىپ، قارىغۇلارچە تەكرارلىتىدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا، مۇئەييەن مۇددىتى بولمايدىغان ئوقۇتۇش تۈزۈمىگە زادىلا يېپىشىۋېلىشقا بولمايدۇ» دەپ قارايدىغان ئابدۇقادىر داموللام ئەقىل ـ

پاراستىنى قەشقەرنىڭ ھازىرقى مائارىپ ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىغا جانلىق تەتبىقلاپ «كىتاب يۇدۇۋالغان ئېشەك» كە ئايلىنىپ قالغان قەشقەردىكى تالاي كىتابى ئالىملارنىڭ كۆزلىرىنى ئالىچەكمەن قىلىۋەتتى. ئۇ گەرچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى مائارىپنىڭ ھازىرقى يۈزلىنىشى ۋە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئىجتىمائىي ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى خەلققە ئۆگەي بولۇپ قالماي، ئۇلارنىڭ خۇددى ئۆز بالىسىدەك قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۇ مەدرىسە ۋە مەسچىتلەردە كەچكىچە قۇرۇقتىن - قۇرۇق ۋەزخانلىق قىلىپلا ئولتۇرماي، ئارقا - ئارقىدىن «سەرپ - نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، «تەسھىلىل ھېساب» (ھېساب ئىلمى)، «جۇغراپىيە ئىلمى»، «ئاقائىد جەۋھەرىيە» (نېگىزلىك ئەقىدىلەر)، «مۇتالىئە ھىدايەت» (باشلامچى ئوقۇشلۇق)، «ىبدايەتۇسسەرپ» (لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس)، «ھىدايەتى نەھۋى»، «تەلىمى سەبىيان» (گۆدەكلەرگە تەربىيە)، «فەسايىفۇل ئەتفال» (ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت) قاتارلىق ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، باللار تەربىيىسىگە ئائىت، پەننىي مەكتەپلەرمۇ، دىنىي مەكتەپلەرمۇ ئورتاقلا قوللانسا بولىدىغان ئاممىباپ دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەلىيىگە يېڭىسارلىق نۇر ھاجى دېگەن مەرىپەتپەرۋەر كىشى 1910 - يىلى باھاۋۇدىن باينىڭ



ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن «مەتبەئى خۇرشىد، مەتبەئى نۇر» (قۇياش مەتبەئەسى، نۇر مەتبەئەسى) ناملىق تاش مەتبەئە قۇرغانىدى. ئابدۇقادىر داموللام يېڭىچە مائارىپ ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان دەرسلىكلەرنى ئۇ ياقتىن تۈزۈپ، بۇ ياقتىن نۇر ھاجىنىڭ تاش مەتبەئەسىدە نەشر قىلدۇرۇپ، مەدرىسەلەرگە ھەقسىز تارقىتىپ بېرىدۇ. يېڭىچە مائارىپنى قوللايدىغان قەشقەر مۇدەررىسلىرى كونىچە مائارىپ بىلەن ئېلىشىدىغان كۈچلۈك قورالغا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن ئابدۇقادىر داموللامغا قانچە رەھمەت ئېيتسا ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشماقتا ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام دەرسلىك تۈزۈمەن دەپ باشقا ئىشلارنى تاشلاپ قويمىدى. ئۇ ئۆزىمۇ مۇدەررىسلەرگە باشلامچى بولۇپ دەسلەپتە خوجا چوڭنىڭ قۇملۇقىدىكى ئۆزبېكلەر ئاچقان مەدرىسەگە، ئاندىن كېيىن قەشقەر شەھەر يارباغ كوچا باشقارمىسىغا قاراشلىق بەشئېرىق مەھەللىسىدىكى لايپەشتاق مەدرىسەگە بېرىپ مۇدەررىسلىك قىلدى. ئۇ ئۆزى تۈزگەن بىر يۈرۈش دەرسلىكلەرنى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا سىناق قىلىپ، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىنلا، ئاندىن كېچە - كېچىلەپ ئۇخلىماي، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، باشنىڭ قىتىقىنى چىقىرىپ تارتقان جاپاسىغا رازى بولدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دىن بىلەن پەن بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى تىپتىكى ئاممىباپ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قاتمال كونا ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىن زېرىكىپ تىت - تىت بولغان ئوقوغۇچىلارنىڭ ئاچقان يېرىگە تازا بارغانىدى.

«ئوتتۇز چىشتىن چىققان گەپ ئوتتۇز ئەلگە تارايتۇ» دېگەندەك، ئۇزاق ئۆتمەي ئابدۇقادىر دامولامنىڭ شۆھرىتى

يىراق - يېقىنغا تاراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر قىسىم جاھىل موللىلار، مۇتەئەسسىپ سوپى - ئىشانلار، خەلىپىلەرنىڭ ئۇنىڭ شۆھرىتىگە ھەسەت قىلىپ ۋە ئۇنى «جەدىت» لىكتە، «دەھرى» لىكتە ئەيىبلەپ تارانقان ئىغۋالىرىمۇ دەمبەس قەدەمدە يېيىلىپ باردى. «تاتلىق ئۈزۈمنىڭ پۇتىقى تولا، ياخشى ئىشنىڭ چاتىقى تولا» دېگەندەك، جاھىل، خۇراپىي، نادان موللىلار تارانقان بولمىغۇر ئىغۋالار ئابدۇقادىر داموللام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بىر توپ تەرەققىيپەرۋەر زاتلارغا قارا كۆلەڭگە تاشلىدى. بۇنداق كۆلەڭگىلەر پەيدا قىلغان بۇرۇقتۇم ھاۋادىن دېمى سىقىلغان ئابدۇقادىر داموللام ھەجگە بېرىشنى باھانە قىلىپ، يەنە بىر قېتىم مەڭگۈ ئايرىلغۇسى يوق ۋەتەندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، سەپەر تەييارلىقىغا جىددى تۇتۇندى. ئەگەر ئۇ بۇخارا ۋە سەمەرقەنتلەردىن كېلىپ، دىنىي ئىسلاھاتنى ۋە جەدىتىزمنى تەشۋىق قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭغا مۇشۇ كۈنمۇ يوق ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردىكى ئۆيىدە ئۆزىنى ئۇزاتقىلى كەلگەن قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىق ئىچكۆيەر يارەنلىرى بىلەن كۆزى قىيمىغان ھالدا خوشلاشتى:

— «ئۇسۇلى جەدىت ھارام، ئۇنى ئوقۇغۇچى دەھرى» دېگۈچى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دىندارلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ئانچە ئوڭاي ئەمەس. بۇ قېتىمقى ھىجرەتتە مۇشۇ ھەقتە كۆپرەك باش قاتۇرغايسەن، بالام! — دېدى ئۇنى ئۇزاتقىلى كەلگەن شەيخۇل ئۆلىما ئىسلام دامولla.

— بۇ قېتىم ئەگەر بۇ ھەقتە ئابرويلۇق ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن لىللا پەتىۋا ئالالىسام، بۇ ۋەتەن ماڭا ھارام



بولسۇن! خەلقنى راۋاج تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئىشنى ئالدى بىلەن مائارىپتىن باشلىماي بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم» دە: «ھەرقانداق قوۋم ئالدى بىلەن ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، تەڭرى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ» دېيىلگەن. يەلكەمدىكى يۈك ئېغىر، نى - نى داۋانلار مېنى ساقلاپ تۇرماقتا. بىراق ئەلنى بالدۇراق جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانداق ئېگىز داۋان بولسىمۇ، پۇتۇمنى ئات، قولۇمنى قامچا قىلىپ چاپقايمەن. گېزى كەلسە، جاننى پىدا قىلىشقىمۇ تەييارمەن!

شۇ كۈنى ئابدۇقادىر دامولla ئېغىر ئازاب ئىچىدە قەشقەر بىلەن خوشلىشىپ ئاتۇشقا قاراپ يۈرۈپ كېتىدۇ. ئاتۇشتىكى ئاتا - ئانا ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇنى كۆز يېشى ئىچىدە قوقەندكە يولغا سېلىپ قويىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام بۇ قېتىم قەشقەردىن پۈتۈنلەي ئامالسىز قالغان ئەھۋالدا ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. چۈنكى ئىشان - موللىلار داموللامغا سۇيىقەست قىلماقچى بولۇشقان ۋە داموللام بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قالغانىدى. ئەگەر قەشقەردىن ۋاقتىنچە ئايرىلىپ تۇرمىسا، ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپى بار ئىدى.

ئابدۇقادىر داموللام يول بويى ئىسلام ئەللىرىدە يۈز بېرىۋاتقان ئاجايىپ يېڭىلىقلاردىن ئۆز ئىستىكىنى روياپقا چىقىرىدىغان يوچۇقلارنى ئىزلەپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىياللارغا غەرق بولىدۇ: ... ئەسىر - ئەسىرلەپ چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا باشچىلاپ پاتقان شىنجاڭ خەلقى قاچانمۇ ئۆز قەددىنى رۇسلاشقا مۇۋەپپەق بولالار - ھە؟ ئىقتىسادىي قاشاقلىق، سىياسىي مۇقىمسىزلىق ۋە روھى

مەھكۇملۇقتىن كېلىپ چىققان دىنىي تەرەپبازلىق ۋە تەپرىقچىلىق ئىللەتلىرى بىز خەققە ئىت يىلىدىن ئېشەك يىلىغىچە ئۇدۇم بولۇپ كېتىۋىرەرمۇ؟ نەۋائىي دەۋرىدىن كېيىن بىزدە نېمىشكە پارتلاش خاراكتېرلىك پىكىر ئىنقىلابى يۈز بەرمەيدۇ؟ مەھكۇملۇقتىن ئىبارەت ئېغىر قىسمەتكە دۇچار بولغان شىنجاڭدىن ئەمدى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەنە قانداق بەختسىزلىكلەر ئېشىپ قالار ـ ھە؟ دىنىي ئەسەبىيلىك ۋە ئەرەبلەرگە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش خاھىشى يەنە قاچانغىچە بىزنىڭ شىللىمىزگە رودىپايدەك مىنىۋېلىپ، بەختىمىزنى قارا قىلىپ ئۆتەر؟ ئىسىت، ھازىر ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرى تۈگىشىپلا كەتتى. بۇ يەردە بىرەر كۇتۇپخانا تېپىش قۇدۇقنىڭ ئىچىدىن يىڭنە ئىزلىگەن بىلەن باراۋەر. ھازىر شىنجاڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسى زەئىپلەشمەكتە، پۈتكۈل مۇسۇلمان شەرقى چۆشكۈنلەشمەكتە. مۇسۇلمان شەرقى ئەگەر ئىسلام روھى ئاجىزلاشمىسا ۋە ئەسلىي ماھىيىتىدىن چەتنەپ كەتمىسە، غەربنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغانغىلا بۇنداق زەئىپلىشىپ كېتەمتى؟...

داموللام ئەنە شۇنداق ئاچچىق خىياللار بىلەن قوقەندكە يېتىپ كېلىدۇ.

داموللام قوقەندكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆلىمالار ئۇنىڭغا كاتتا ئېتىبار كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن مەخسۇس كېچىلىك سۆھبەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇنى چەت ئەلدە ئۆگەنگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئىلىم ئىشقىدا يۇرگەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاش، چۈشەنمىگەن بەزى مەسىلىلەرنى



سورىۋېلىش ئۈچۈن يىراق ـ يىراق يەرلەردىن كېلىپ، ئابدۇقادىر داموللامدىن ئىبارەت بۇ چىراغقا خۇددى پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئۇرىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام ئازراقلا ئارىسالدى بولسىلا يەنە يېزىقچىلىققا كىرىشىپ كېتىدۇ. مانا، قوقەندكە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا باشلىغان «ھەقىقەت جەۋھەرلىرى» ناملىق شېئىرى ئەسىرىمۇ تالاي ئۇيقۇسىز كېچىلەرنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە ئاخىر پۈتۈپ چىقىدۇ (ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بۇ ئەسەر ھازىرغىچە مىسىر ئەزھەر دارىلفۇنۇنىدا ساقلانماقتا).

1918 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆزى قەشقەردە يولغا قويۇپ ئامالسىز «تەپمە ھالال» قىلىپ تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى ھەققىدە ئاتاغلىق ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن پەتىۋا ئېلىش مەقسىتىدە بارمىغان تاشكەنت، شەمەي، ئۇفا، قازان، ئورال، تۈركىيەلەر قالمىدى. ئۇ جايلاردىكى ئۆلىمالار ئابدۇقادىر داموللامغا ئۇ كۈتكەن لىللا پەتىۋانى بەرگىلى ئۇنىمىدى، ئۇنىڭغا تەقدىرىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئاپىرىدىگاھلىرىدىن بولغان مەككە ئۆلىمالىرىنىڭ پەتىۋاسىغا نېمە يېتىدۇ؟ يەنە كېلىپ، مەككىدىن باشقا جايلاردىكى كاتتىلارنىڭ پەتىۋاسى بىلەن سىبىسىق گەپ قىلىپ پىلنى ئۇسۇرتىدىغان قەشقەرلىق زۇۋاندارراز رەقىبلىرىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش شۇنداق ئوڭاي ئىشمۇ؟ ئابدۇقادىر داموللام ئاخىر مەككىگە قاراپ ئات سالىدۇ.

مەككىدىكى ئۆلىمالاردىن پەتىۋا ئېلىشمۇ ئۇنداق ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا ئۇ گەپ ـ سۆزدە تەرتىپى سۇنۇپ كېتىشتىن بەكرەك ئېھتىيات قىلىپ كۆڭگەن داڭدار

ئۆلىمالارنى تەكرار - تەكرار سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ قايىل قىلىپ يۇمشىتىش ئۈچۈن، سەئۇدى ئەرەبىستاندا بىر مەزگىل تۇرۇپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. بىراق ئۇنىڭ تەكرار - تەكرار سۆھبەتلىشىشلىرىدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ. شۇڭا ئۇ ئامالسىز مىسىردىكى ئۆلىمالار ئارقىلىق ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىشنى بىردىنبىر ئۇسۇل قىلىپ تاللىۋالىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام مىسىردىكى ئۆلىمالار بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىدۇ. . . ئابدۇقادىر داموللام بۇ قېتىمقى سەپىرىدە گەرچە تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ يېگىچە مائارىپ ھەرىكىتىگە ھالال - دۇرۇس پەتىۋا ئېلىش مەقسىتىگە يېتەلمەيۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بارغانلا يېرىدە شۇ يەرنىڭ ئالىم - ئۆلىمالىرى بىلەن قىزغىن بەس - مۇنازىرە قىلىشىپ، چاڭ چىقىرىپ ماڭغاچقا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتاغلىق ئالىملار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، زور شۆھرەتكە ئىگە بولىدۇ. داڭقى ئۆزىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن مىسىردا ئۇ ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ئۆزى كۆتكىنىدىن ئۇستۈنرەك ئىلتىپات كۆرسىتىشلىرىگە مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام بىلەن مىسىردا ئىلمىي سۆھبەتتە بولغان تاتار خەلقىنىڭ بۈيۈك تارىخ ئالىمى زاكىر قادىرى ئابدۇقادىر داموللام بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتتىن كېيىنلا يېقىنلىرىغا ئۇنى تەرىپلەپ: «ئابدۇقادىر دامولللام ئىسلام دۇنياسىدا ئاز تېپىلىدىغان مۇتەپەككۇر ۋە ئىسلاھاتچى، كۆرەشچان، بۈيۈك ئالىم» دەيدۇ. بىراق بۇ گەپلەرنى زاكىر قادىرىنىڭ يېقىنلىرى ئاڭلىغان بىلەن، ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ ئۆزى ئاڭلىمىدى. ئۇ ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇ



گەپكە ئانچە خۇش بولۇپ كەتمەيتتى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ داڭقىدىن كۆرە ۋەتەنداشلىرىنىڭ جاھالەتتىن ئويغىنىشى بەكرەك مۇھىم ئىدى. مىسىر ئۆلىمالىرى بىلەن ئىلمىي سۆھبەتتە بولۇش جەريانىدا، ئۆز خەلقىنىڭ ئىلىم-مەرىپەتتە ھەقىقەتەن ئارقىدا قالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ خەلق ئاممىسىنى مەڭگۈ قۇللۇقتا، نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ۋەتەنداشلىرى يەنىلا ھېچ يەرنى كۆرمەي، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي، دۇنيادىن بىخەۋەر ياشاۋەرسە، قۇللۇق، جاھالەت، نادانلىقتىن ئەبەدىي قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلغان ئابدۇقادىر دامولللامنىڭ بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە پەرىشانلىقى ھەسسىلەپ ئېشىپ بارماقتا ئىدى. پۈتكۈل خەلقنىڭ پەن - مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكىنى ئەمشقا ئاشۇرۇشنى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ئۇيۇشالايدىغان قىلىشنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر شوئارى ۋە كۈرەش نىشانى قىلغان ئابدۇقادىر دامولللامغا ۋەتەنداشلىرى كۈتكەن ئۇسۇلى جەدىت ھەققىدىكى دۇرۇس پەتىۋاغا ئېرىشمەي تۇرۇپ، خۇشاللىق ھارام ئىدى.

## 20 ـ ئەسىردىكى «قۇتادغۇ بىلىك»

ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا ۋە ئەرەب ئەللىرىگە تونۇلغان خەلقپەرۋەر ئالىم، تالانتلىق شائىر ئابدۇقادىر داموللامنىڭ يازغان شېئىرلىرى، داستانلىرى، تېرەن مەنىلىك رۇبائىلىرى ئۆزىنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەتتىكى ئۇستۇنلۇكى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئەرەب دۇنياسىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭمۇ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قازاندىكى «مىللەت» مەتبەئەسىدە، تاشكەنتتىكى «غۇلامىيە» مەتبەئەلىرىدە بېسىلىپ، كەڭ تۇردە تارقىتىلىۋاتاتتى. ئەسەرلىرىنىڭ بۇ قەدەر زور ئالقىشقا ئېرىشىشىگە ئاساسلىقى ئىلگىرى قەشقەردە يېزىپ چىققان مەشھۇر دىداكتىك ئەسىرى— «مۇفتاھىل ئەدەپ» سەۋەبچى بولغانىدى.

ئاپتورنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتىدا ئىپادىلەنگەن ئەرەب تىلىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ نازۇك، ئەڭ پاساھەتلىك تەرەپلىرىنى ئەرەب تىلى ئۆگەنگۈچىلەرگە بىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەرەب تىل ـ ئەدەبىياتى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە يازغان دەرسلىك كىتابلىرىنىڭ بىرى بولغان «مۇفتاھىل ئەدەپ»نى ئابدۇقادىر داموللام مىلادىيە 1910 ـ ، 1911 ـ يىللىرى قەشقەردە يېزىپ تاماملىغانىدى.



كىتاب ئۇ ياقتىن يېزىلىپلا بۇ ياقتىن تاشكەنت «غۇلامىيە» مەتبەئەسىدە سىراجىدىن مەخدۇمنىڭ خىراجىتى ۋە شۇ ساخاۋەتلىك زاتنىڭ ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈشى ئارقىسىدا تاش مەتبەئەدە بېسىلىپ چىققانىدى. ئاپتور كىتابنى يېزىشتىكى مۇددىئا ـ مەقسىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەقسەتلەرنىڭ مۇھىمى، ئارزۇلارنىڭ ئۇلۇغى بولسا ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ئاللاتائالانى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىسلامنىڭ ئەھكام ـ پرىنسىپلىرىنى، ئەمىر ـ پەرمان ۋە ھۆكۈملىرىنى جانابى ھەقنىڭ تەلىمىگە مۇۋاپىق قىلىش ۋە تەستىق قىلماقلىقتۇر. بۇنداق بىلىش ۋە تەستىق قىلماقلىقنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس تەكلىپ قىلىدۇ. . . لېكىن قۇرئان ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللانىڭ ھەدىسلىرىنى بىلىش ئالدى بىلەن ئەرەب تىلىنى ۋە ئۇنىڭ لەتىپ، ئىنچىكە ئۇسلۇبىنى بىلىشكە باغلىقتۇر. ئەرەب تىلىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە بالاغىتى ئەرەبلەرنىڭ ھېكمەت، باتۇرلۇق، ئەخلاق، نەسىھەت ۋە لەتىپىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك ئەدەبىياتىدا كۆرۈلىدۇ. قازى بەيزاۋى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ سۆزىنى شېپى كەلتۇرۇپ ئەرەبلەرنىڭ شېئىرلىرى ئەرەب تىلىدا چۈشكەن قۇرئاننى تەپسىر قىلىشتا بىر دىنبىر ئاساسلىق مەنبە ھېسابلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئىلگىرىكى ئالىملار ئەرەب تىلىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەرەب شېئىرىيىتىدىن ئەرەب تىلىنىڭ ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلىپ يەكۈنلىگەن ھەمدە بۇ يەكۈن ئارقىلىق ئەھلىنى ئاللانىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللانىڭ ھەدىسلىرىنى بىلىشكە دالالەت قىلغانىدى. ئەپسۇسكى، ھەسرەت ئۈستىگە ھەسرەت! زامانىمىزدىكى

مۇشۇ دىياردا ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلار ئەرەب شىئېرىيىتىنىڭ بالاغىتىگە ۋە ئەدەبى ئۇسلۇبىغا قارىماي، شۇنداقلا ئالىي بىلىم ھاسىل قىلىش پىكرىدە بولماي، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە خارابلىشىشىدەك يامان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئوقۇغۇچىلارنى بارلىق ئىلىملەردىن مەھرۇم قىلدى. ئەگەر مەدرىسەلىرىمىزدىكى ئوقۇتۇش ئاشۇ قالاق ئۇسۇل بىلەن كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن شەرىئەت ئەھكام - پرىنسىپلىرىنى خەلققە يەتكۈزۈش ۋە ئاللاتائالانىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاشتەك ۋەزىپىنى قاچان ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولار؟ شەرىئەت ئەھكام ئىشلىرىنى جاھىل، نادانلارنىڭ قولىدىن قاچانمۇ قۇتۇلدۇرۇپ ئالغىلى بولار؟ . . . ئۇلار پايدىلىق سۆزنى زىيانلىق دەپ، توغرا سۆزنى يالغان دەپ ھېسابلاۋاتسا؟ ئۇ ھالدا ئۆزىنىڭ ئىشەنچىنى، ئىقتىدارلىق كىشىلىرىنى ئېچىنارلىق ھالدا يوقاتقان بۇ خەلقنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۆزگەرتىشتىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن؟ ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ دىنىي ھېسسىياتىمىز بويىچە ئالىي ھىممەت كۆرسىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى، بەلكى ئومۇمىي ئەھلى جامائەتنى ياخشى پېشىۋالارنىڭ ئىش - ئىزلىرىغا يېتەكلەپ، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ئىلمىي مائارىپنى قولغا كەلتۈرۈشكە تەشەببۇسكار بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن».

بۇ كىتابنى نەشرگە تەييارلىغان مەرىپەتپەرۋەر زات سىراجىدىن مەخدۇم كىتابنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى



ھەققىدە: «سۆز جەھەتتىكى پاساھەت ۋە بالاغىتى فىردەۋسنىڭ ھۆرلىرىدىنمۇ گۈزەل، لاتاپەتلىك، مەزمۇنى جەننەتتىكى سەلسەبىل دېگەن بۇلاقتىنمۇ چوڭقۇر ۋە سۈزۈك. تېكستى ئۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ» دەپ يازسا؛ تاشكەنتنىڭ شۇ زاماندىكى پازىل ئۆلىماسى، مەشھۇر ئەدىبلىرىدىن بىرى مۇراد خوجا ئىشان تاشكەندى تەقرىز يېزىپ: «خۇش خەۋەر، خۇشخەۋەر، ئەدىبلەرگە خۇشخەۋەر! ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ ئاچقۇچى بېسىلىپ چىقىدىغان بولدى. بۇ كىتابنى ئاتاغلىق يازغۇچىلارمۇ ئالتۇن ھەل بېرىپ يېزىۋالسا ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. ۋاھ، ئەجەبا! بۇ كىتابنىڭ مەنا جەھەتتىكى بالاغىتى فىردەۋسنىڭ ھۆرلىرىدىنمۇ گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك، ئۇنىڭ تېكستى كەۋسەردىنمۇ تاتلىق. بۇ كىتاب مەنا، بايان ۋە بەدىئىيلىك جەھەتلەردە كۆڭۈلنى ئاچىدىغان ئازادە، جىلۋىلىك كىيىملەر بىلەن بېزەلگەندۇر. بۇ كىتابنىڭ پىكىر مەنىلىرى ئابىھاياتتۇر، ئىلمىي قۇۋۋەتتە ئالتۇن بۇلاقتۇر. كىمنىكى پەزىلەتتە، ئەدەب كامالەتتە ھېكمەتلەردىن ئالىي مەرتىۋە تېپىشنى خالىسا، ئاڭا ‹بۇ مەقبۇل كىتابنى چىڭ تۇت!› دېگىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئاشۇ پەزىلەت ئارقىلىق ئالىي مەرتىۋە تاپقاي. بۇ كىتاب نىل دەرياسىنىڭ سۈيىدەك دوستلارغا شېرىن، دۈشمەنگە زەھەر تېتىيدۇ. سەۋىيىسى تۆۋەن كىشىلەر ئاچچىقىدا ھەر نەرسىلەرنى دېسىمۇ، ئەمما توشاق ئالىملار ئاپىرىن دېمەي قويمايدۇ» دەيدۇ.

ئاپتور ئۆز كىتابىغا ئەرەب ئەدەبىياتىدىكى ئىلىم - ھېكمەت، قەھرىمانلىق، ئىپتىخارلىق، ئىچىملىك توغرىسىدىكى، شۇنىڭدەك تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدىكى

قەسىدە، مەرسىيە، غەزەللەرنى تاللاپ كىرگۈزگەندى. ئالىم بۇلارنى مۇسۇلمان ئەللىرىگە مەشھۇر بولغان يۈزگە يېقىن ئەرەب، پارس، تۈرك ۋە ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىن تاللىۋالغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى تەجەللىنىڭ 164 مىسرا، ئۆزىنىڭ 148 مىسرا، سىراجىدىن مەخدۇمنىڭ سەككىز مىسرا، مۇراد خوجا ئىشان تاشكەندىنىڭ 22 مىسرا شېئىرى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، «لەيلى ـ مەجنۇن» داستانىدىن پارچىلار بار ئىدى. كىتابتا ئىنساننىڭ ماھىيىتى نېمە؟ ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتى نېمە بىلەن ئۆلچىنىدۇ؟ ئىنساندا قانداق ئەخلاقىي پەزىلەتلەر بولۇشى لازىم؟ ئىنسان كىشىلىك تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈشى كېرەك؟ . . . دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەقىل، بىلىم، بەخت، گۈزەللىك، باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق، ھاكىمىيەت، ۋەتەن، مىللەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەت، ھۆرلۈك ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ۋاستىلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويغانىدى؛ ئىنسانىي پەزىلەتلەردىن ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق، ياخشىلىق، خەير ـ ساخاۋەت، كەمسۆزلۈك، ئۆزىنى تۇتۇش، ئۆزىنى بىلىش، باشقىلارغا باھا بېرىش، باشقىلارنى چۈشىنىشكە ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلەرنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، كىشىلەرنى بۇ خىل خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا چاقىرغانىدى؛ ئەكسىچە، يامانلىق، ئاچكۆزلۈك، شۆھرەتپەرەسلىك، ھاماقەتلىك، ھەسەتخورلۇق، شاللاقلىق، ئۆزۈمچىلىك، بىكىنمىچىلىك قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى قاتتىق سۆكۈپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن



يىراق بولۇشقا ئۈندىگەنىدى؛ زاماننىڭ يولسىزلىقى، تەتۈرلۈكى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلىپ، ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. مانا بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا «مۇفتاھىل ئەدەپ»نى 20 ـ ئەسىردىكى «قۇتادغۇ بىلىك» دېيىشكە بولاتتى.

ئابدۇقادىر داموللام ئۆز كىتابىدا بىرىنچى بولۇپ ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق ـ پەزىلەتنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق ـ پەزىلەت ئىنساننى خار ۋە زەبۇنلۇقتىن ساقلاپ، سائادەتمەن قىلىدىغان، تىلەك ـ مەقسەتلەرگە يەتكۈزىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. ئەگەر ئىنسان ئەقلىنى ئىشقا سېلىشقا ماھىر بولمايدىكەن، ئىنسانىيەت ياراتقان بىلىم بايلىقلىرى بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرمايدىكەن ۋە گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتنى ئۆزىدە يېتىلدۈرمەيدىكەن، مەڭگۈ قۇل بولۇپ ئۆتىدۇ: «تەڭرى ئىنسانغا ئەقىل ۋە ئەدەپتىن گۈزەل نېمەت بەرمىدى». «ئەقىل، ئەدەپ ياشلارنىڭ گۈزەل ھۆسنى. ئەقىل، ئەدەپنى يوقاتقان ياشلار ھايات سەھنىسىدىن تېزرەك يوق بولغىنى ياخشىراق»، «ئەگەر سەن ئەقلىڭنى توغرا ئىشلىتەلىسەڭ، ياتقان ئورنۇڭ كېچىدىمۇ ئەقىل نۇرى بىلەن دائىم يورۇپ تۇرىدۇ». «ئەقلىڭدىن مەسلىھەت سورا، ئەقلىڭدىن باشقىنى كېرەكسىز ھېسابلا» . . . «ھەر بىر پەزىلەتتە ئۈستۈنلۈك بار. ئەمما ئىلىمنى ھەممە پەزىلەتتىن ئۈستۈن تاپتىم»، «ئىلىمدىن باشقىنى سەرمايە دەپ ھېسابلىما، چۈنكى ئىلىم دېگەن تۈگىمەس خەزىنە». «ھەي ياش، ئىلىم ئۆگەن، چۈنكى نادانلىق نومۇس، نادانلىقتا ئېشەكتىن باشقا نەرسە رازى بولمايدۇ»، «ئىلىم بىلەن

نىجات تاپ، مەڭگۈ ياشايسەن؛ نادانلار ئۆلۈك، ئالىملار تىرىك»، «ئىلىم ئىگىلىرى ۋە ئىلىم يولىدا ماڭغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەڭلىك ۋە خارلىنىش يولىدا ئۆتۈپ كەتتى دېمە»، «ئىلىم ئارتقاندا دۈشمەنىنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى توپىغا مىلىگىلى بولىدۇ. ئىلىمنىڭ ھۆسنى ھەرىكەتنى ئىسلاھ قىلىشتۇر.» «دوزاخ ئىشىكىنى پېچەتلەيدىغان نەرسە پەقەت ئىلىم، بىلىملىك كىشىنىڭ ئۇخلىشى تەقۋادار زاھىدنىڭ ئىبتىكاپتا ئولتۇرۇشىدىن ئەۋزەل». «ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى مەيلى ئۇ ئىنسان ياخشى ئەمەلنى ئازقىلسۇن، كۆپ قىلسۇن، گۈزەل ئەمەلىيىتىگە باغلىق». «ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى كىشىلەر ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىقنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، مەنپەئەت يەتكۈزگەن كىشى». «ئەگەر قادىر بولالىساڭ، كىشىلەر ئارىسىدا ياخشى ئىشلاردىن باشقىنى قىلما، بارلىق يامان ئىشلاردىن يىراق بول.» «ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇقىنى چاچ، ئۇرۇنسىز يەر بولسىمۇ؛ چۈنكى ياخشىلىق ئۇرۇقى قەيەرگە چېچىلسا، ھەرگىز زايا بولمايدۇ». «ياخشىلىق قىلغىن، زامان ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ؛ چۈنكى ئۇنى ياخشىلىقنىڭ ھوسۇلىنى تېرىغان كىشىدىن باشقىسى ئورىيالمايدۇ». «ياخشىلىقنى ئادەت قىلىش ئۈچۈن ئۇچۇق قول بولۇش كېرەك. ئۇچۇق قول كىشى ئىززەتتىن نېرى بولمايدۇ». «ھەي، باللار! پۈتكۈل خەلققە مېھرىبان بولۇڭلار، ئۇلارغا مەرھەمەت - شەپقەت نەزىرىڭلار بىلەن قاراڭلار!». «چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەپ، بارلىق ئىشلاردا يارىتقان زاتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىڭلار». «ھەر قاچان ئىسىل تەبىئەتلىك كىشىلەرنى



ھۆرمەتلىسەڭ، سەنمۇ ھۆرمەتكە ئىگە بولىسەن؛ ئەگەر ئىپلاس ئادەملەرنى ھۆرمەتلىسەڭ، ئۇ ھەددىدىن ئېشىپ سېنى يەرگە ئۇرىدۇ». «خەير - ئېھسان قىلىش ئورنىغا قىلىچنى ئىشلىتىش زىيانلىق بولغىنىدەك، قىلىچ ئورنىغا خەير - ئېھساننى قويۇشمۇ زىيانلىق». «ئىپلاس ئادەملەرگە لۇتفۇ - مەرھەمەت قىلما. ئۇنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قويىسەن». «قاتتىق تۆمۈرنى پەقەت ئوتلا يۇمشىتىدۇ. ئەگەر تۆمۈرگە دېڭىز سۈيىنى قۇيسىمۇ ئەسلا يۇمشىمايدۇ». «قۇدرەت تاپساڭ بىر كۈنمۇ پۇرسەت بەرمە يامانلارنى چاققان بىر تەرەپ قىل. بولمىسا، ئۇلار سەن ئىگە بولغان كۈچ - قۇدرەتكە ئەتىلا ئىگە بولۇۋالىدۇ». «سۆزنى گىراماتىكا بىلەن گۈزەللەشتۇر. چۈنكى سۆز قائىدىسىن مەھرۇم بولغان كىشى سۆزنى بۇزىدۇ» «ئەقىل دېگەن زىننەت، كەم سۆخەنلىك دېگەن سالامەتلىك، شۇڭا ئورۇنسىز سۆزنى سۆزلىمە». «كەم سۆخەنلىكتە بىر قېتىم پۇشايمان قىلسام، كۆپ سۆزلىگەنگە مىڭ قېتىم پۇشايمان قىلدىم»، «ئىنسان ھەر قاچان ئۆز تىلى بىلەن سىرىنى پاش قىلىپ، باشقىلارنىڭ مالامىتىگە قالسا، ئۇ ئەخمەق ئىنساندۇر»، «سۆزلەيدىغان ئورۇننى تاپساڭ چوقۇم كەڭ تاشا سۆزلە، ئەگەر سۆزلەيدىغان ياخشى سۆزنى تاپساڭ، ئايىماي سۆزلە». «چۈنكى كىشىلەر ئىلىم ۋە قابىلىيىتىگە يارىشا ئۇ سۆزدىن توغرا چۈشەنچە ئالىدۇ». «ھەر قاچان پىكىر قىلساڭ كەسكىن پىكىر قىل، چۈنكى سۆرەلمىلىك كىشىنى ئىككىلەندۈرىدۇ». «دۇنيا بىر ھالەتتە داۋام قىلمايدۇ، ئۇ بەزىدە ئالدىنى قىلىدۇ، بەزىدە كەينىنى

قىلىدۇ». «دۇنيا كەيىننى قىلسا، ئىنسان ھەر قاچان ھەسرەتلىنىدۇ، ئالدىنى قىلغاندا، ئۇنىڭ غەملىرى كۆپىيىپ كېتىدۇ». «ئىنسان بىرەر ئىشتا خۇرسەن بولسا، دۇنيانى ماختايدۇ. ئەگەر ئازراق خاپىلىق تارتسا، ھاياتىم بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ ئاز ئۆتمەستىن دۇنيانى تىللايدۇ». «قارىمامسەن؟ دۇنيا دېگەن قۇرۇلغان بىنالارنى ئۆرۈيدۇ، بەرگەن نەرسىلىرىنى قايتۇرۇۋالىدۇ، توغرا نەرسىلەرنى بۇزىدۇ». «تولا نادانلار دۇنيادا پۇل ـ مالغا تويماي ئۆتسە، كۆپلىگەن بىلىمدارلار يوقسۇزلۇقتىن دۇنيادا ھەسرەت چېكىپ ئۆتىدۇ». «خاپىلىق كۆرمەي، ھاياتنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزەي دېسەڭ، دۇنياپەرەسلىكتىن ئىبارەت ئادەمنى ھالاكەتكە ئىتتىرىدىغان بۇ نەپسانىيەتچى يولنى تۇتما». «دۇنياپەرەسلىكنى تاشلا، چۈنكى ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىلەرنى خارلاشتۇرۇش، ئېتىبارسىز كىشىلەرنى مەرتىۋىلىك قىلىش دۇنيانىڭ تەبىئىتىدۇر». «قارىمامسەن؟ تۇغۇلغاندا، بوۋاقنىڭ قولىنى چىڭ يۇمۇپ ئالغىنى ھاياتقا بولغان ئامراقلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. ئۆلگەن چاغدا، ئالقىنىنى ئاچقىنى (قاراڭلار، دۇنيادىن قۇرۇق قول قايتتىم) دەپ ئىبرەت قىلغىنىغا ئىشارەتتۇر». «ۋەتىنىم نېمە دېگەن شەرەپلىك، ئۇنىڭدىن زۇلۇم كۆرگەن بولساممۇ؛ خەلقىم نېمە دېگەن قەدىرلىك، جاپا كۆرگەن بولساممۇ». «بۇ زامان پەسكەشلەرنىڭ ئورنى يۇقىرى بولۇۋاتقان، ئۇلۇغ، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ شۆھرىتى بېسىلىپ كېتىۋاتقان ئىپلاس زاماندۇر. بۇ زامان مەرۋايىت ـ مارجانلىرى ئاستىغا چوڭقۇر پېتىپ كەتكەن، ئۆلۈكنىڭ تاپلىرى ئۈستىدە لەيلەپ تۇرغان دېڭىزغا ئوخشىشىدۇ؛ تۇرمۇش ئەقىللىق، پاك



كىشىلەرگە كەيىننى قىلىۋالغان، ئىلىم ئەھلى ۋە سەنئەتكارلار كاساتلاشقان، نادان جاھىللار بازار تاپقان زاماندۇر». «تۇرمۇش لوگىكىسى شۇنداق: دۇنيادا نادان كىشىلەر ئاتاققا ئېرىشىدۇ. ئالىم كىشىلەرنى جاپا ـ مۇشەققەتلەر چىرمىۋالىدۇ». «ئەگەر رىزقى ـ نېسىۋە ئەقىلگە قاراپ بولىدىغان بولسا ئىدى، مانا شۇ ۋاقىتتا ھايۋانلار نادانلىقلىرىدىن ھالاك بولغان بولاتتى». «ئوت كۆيگەن ئوتۇندا ئوتنىڭ يالقۇنى بولمىسا ئىدى، ئارچا ياغىچىنىڭ خۇش پۇرىقى تونۇلمىغان بولاتتى». «بارلىق نەرسىلەرنىڭ تەمىنى قايتا ـ قايتا تېتىپ كۆردۈم، لېكىن مەن تېتىغان نەرسىلەر ئىچىدە گادايلىقتىن تەمى ئاچچىق نەرسە يوق ئىكەن». «مېنى قايغۇغا تاشلىغان نەرسىلەر ئىچىدە دۈشمەننىڭ شادلىقىدىن غەيرىنى تاپالمىدىم. مېنى شادلاندۇرغان نەرسىلەر ئىچىدە ھەسەتخوردىن غەيرىنى تاپالمىدىم». «ئەپسۇسكى، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى دوستلىرىممۇ مېنى چېقىشتىن تارتىنمايدىغان قۇملۇقنىڭ زەھەرلىك يىلانلىرىغا ئايلىنىپتۇ». «مەن ئۇلارنى سىناپ، ياخشىلىق كۈتكەن بولساممۇ، ئەمما ئۇلار مېنى ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان قاقاس بىر ئورمانغا تاشلىۋېتىپتۇ». «ھەر كۈنى ئۇلارغا ئوق ئېتىشنى ئۆگەتسەم، ئۇلار بىلىكىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن مېنى ئاتتى». «ئۇلارنى دۈشمەن ئوقىدىن مۇداپىئە قىلىدىغان زەھەرلىك چاپان قىلىۋالسام، ئۇلار دۈشمەن ئوقىنىڭ ئۇچى بولدى». «دۈشمەندىن بىر قېتىم ھەزەر ئەيلىگۈچە، دوستتىن مىڭ قېتىم ھەزەر ئەيلىسە بولغۇدەك». «چۈنكى، دوست ئۆزگەرسە، بۇ دوست زىيانكەشلىك قىلىشقا تولىمۇ ماھىر بولىدىكەن».

«كىشىلەردىن سادىق، ۋاپادار دوست بولۇش ھەققىدە ئۆتۈنسەم، ئۇلار بۇنىڭغا يول يوق دېيىشتى». «سېنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىڭ چەتكە چىقماسلىق بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ. . . سەپەر قىلغىن». «سۇ ئۆزۈن تۇرۇپ قالسا سېسىيدۇ، ئاي كىچىكلىكتىن ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىپ، تولۇقلىنىپ، 14 كۈنلۈك تولۇن ئايغا ئايلىنىدۇ». «سەپەر قىل، چۈنكى ئارزۇ ـ ئىستەكلەر سەپەردە قولغا كېلىدۇ. توختام سۇنىڭ قېشىدا تۇرۇۋەرمەي، سۈزۈك سۇ ئىزدە». «ھۆر ئادەم زۇلۇم ئاستىدا قىلىشقا چىدىمايدۇ، زۇلۇمغا پەقەت ئېشەكلا چىدايدۇ». «ھۆر قەيەرگە بارسا، قەدىرلىك ۋە ھۆرمەتلەشكە ئىگە بولىدۇ، خۇددى قۇياش ھەر بىر بۇرجدا نۇرانە بولغاندەك». «قارا، ئۇ يولۋاس ھۆر ئادەمنى ئۆلتۈرمىدى، گويا ئۇنىڭ گۇناھىنى ئەپۇ قىلغاندەك. سەن ھىممەتلىك ۋە شەپقەتلىك ئۇ ھۆر ئادەمنى قوغداشقا جۈرئەت قىلالىدىڭمۇ؟». «زۇلۇم قىلىش ئىنسان تەبىئىتىدىكى نەرسە، ئەگەر زۇلۇمدىن خالىي قالغان نەرسىلەر بار دېيىلسە، ئۇ مەلۇم بىر توسالغۇنىڭ سەۋەبىدىن زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن». «يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن زۇلۇمغا ئۇچرىماي ھايات قالغانلىرى كۆپ، بىراق ئىنساندىن زۇلۇمغا ئۇچرىمىغان بىرەرسىنىمۇ تاپالمايسەن». «ئىنسانلار ئىچىدە ئۆز ئەيىبىنى ئۇنتۇپ، قېرىندىكى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئەيىب ـ نۇقسانىنى ئەسكە سالىدىغان يامان، قەبىھ ئادەت بار». «بارلىق ئەخلاق، تەبىئىتىدىن رازى بولىدىغان كىم بار؟ چەكلىك ئەيىبى بولۇشنىڭ ئۆزى پەزىلەتلىك ئىنسان ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ». «گۈزەللىكنى ياشلىققا دەلىل قىلما، بارلىق



ھەل بېرىلگەن تۆمۈر كېرەكلىك ئەمەس». «سەن قانچە قېتىملاپ كىشىلەرنى يامان ئىشلاردىن توسسەن، ئۆزۈڭ يانمايسەن، قانچە قېتىملاپ كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىسەن، ئۆزۈڭ ئاڭلىمايسەن». «ھەي بىلەي تاش! قاچانغىچە تۆمۈرنى ئىتتىكلىتىسەن، ئۆزۈڭ كەسمەيسەن؟!». «ئەگەر كۆزۈڭ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كۆرسەتسە، سەن ئۇ كۆزۈڭگە ‹باشقىلارنىڭمۇ كۆزى بار› دېگىن». «ئەگەر ئەقىل ئىگىسى بولساڭ باشقىلارنى ئەيىبلىمەيتتىڭ. ئەگەر ئۆزۈڭدىكى ئەيىبنى كۆرەلىسەڭ، بۇ ئەيىبىڭ بىلەن جىم بولاتتىڭ». «ئەقىلسىزلىق بىلەن كورنى ھاقارەتلىمە، چۈنكى ئاقىللارنىڭ كوردىن ئاغزىنى يۇمۇشى توغرا ئىشتۇر». «كوردىن ھايانى قانداق ئۈمىد قىلىسەن؟ ئۇنىڭ ھايا قىلىش ئەزاسى خاراپ تۇرسا؟». «ئەسلىي نەسلىم مەڭگۈلۈك داۋام قىلىدۇ دېمە، چۈنكى مەڭگۈلۈك نەسەب ياشلار قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلەردۇر». «بەزىدە دادا تەربىيىسىدىن مەھرۇم قالغان ئىنسانلارمۇ خوجا بولالايدىغۇ؟ بىلىش لازىمكى، غەلدە ـ غەشلەر ياخشى بوتىدا تاۋلاش ئارقىلىق چىقىرىۋېتىلىدۇ». «قىزىل گۈل چوقۇم تىكەندىن ئېچىلىدۇ. نەرگىس گۈلمۇ پىيازدىن ئۆسىدۇ». «قىلىچنىڭ ئۆزىنى چىڭ تۇت، غىلىپىنى تاشلا! ياشلارنىڭ ياسانچۇقلىقىغا قارىماستىن پەزىلىتىنى قەدىرلە!». «چىراي ـ شەكىلنىڭ گۈزەللىكى ياشلارغا پايدا بېرەمدۇ؟ ئەخلاقى ھەر قاچان گۈزەل بولمىسا؟». «ئەگەر بىر نەرسىدىن ھەيران قالدىم دېسەم، ياشلارنىڭ قەدىر ـ قىممەتسىز ئىش ـ ھەرىكەتلىرى مېنى ھەيران قالدۇرغان بولاتتى». «مۇھەببەت مۇرۇۋۋەت ۋاپادارلىقتىن باشقا نەرسە

ئەمەس، مۇھەببەت ئەھلىگە گۈزەل ئەخلاقلىق، ئىسىل تەبىئەتلىك كىشىلەردىن باشقىسى كېرەك ئەمەس».
«مۇھەببەت ئەھلى بولمىغان كۆپ كىشىلەر مۇھەببەت داۋاسى قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇھەببەتتىن بەكمۇ يىراق، مۇھەببەت دېگەن قورقۇنچاق ئەخمەقلەرگە نەدە تۇرۇپتۇ؟». «سىماسى تولۇنئايدەك مەھبۇبقا پەم-پاراستى يۇقىرى، ئۆتكۈر پىكىرلىك كىشىلەر ئاشىق بولۇپ، مۇھەببەت دەردىدە ئۆرتىنىدۇ». «يۈرەك جامالى ئايدەك ئۇ مەھبۇبقا ئىنتىلدى، ئۇنىڭ نازاكەت، لاتاپەتلىرى يۈرەكتىن ئورۇن ئالدى. لېكىن ئۇنىڭ ماڭا قىلغان مۇئامىلىسى قوپال، قەبىھ بولدى». «ئۇ كۆز ئوقى بىلەن مېنى ئاتتى، كۆز ياشلىرىم خۇددى بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىقتى». «ئۇ قاتىلىم مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن: كۆز ئوقى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بۇ كىشىگە كىم ناماز ئوقۇيدۇ؟ دېدى». «ئۇ مەھبۇبنىڭ ھۆسنى كامالەتتە تەڭداشسىز بولۇپ، گۈزەللىك، ئۇنىڭ ھۆسنىنىڭ سۇلتانى، چېچەنلىك قوشۇنلىرى ئىدى». «ئۇنىڭ خۇلقى لەززەتلىك، تەبىئىتى زىل، لەتىپ بولۇپ، ئۇ توغرىلىقتا زامانىنى ھەيران قالدۇرۇشتا يەككە ـ يېگانە بولۇپ، قەددى ئىنچىكە، لېۋى ھەسەل، جامالى ئايغا ئوخشاش، ئاغزى ۋە تۈپرۈكى ھەسەل ۋە ھەسەلچىنىڭ ئۆزى ئىدى». «تولۇن ئاي ئۇ دىلرەبانىڭ گۈزەل قامىتىگە، سۇزۇك ھۆسنىگە رەشك قىلىپ، خىجىللىقتىن بۇلۇت ئاستىغا مۆكۈنۇۋالاتتى». «شاراپەت ئاسمىنىدىكى تاكامۇللاشقان بەخت يۇلتۇزىمۇ بۇ تولۇن ئاينىڭ سائادىتىدىن ئارزۇسىغا يەتكەنىدى». «ئۇ دىلرەباغا بېرىلىپ، ئىشىق ـ مۇھەببىتىدە ساراڭ بولۇپ كەتكەن، كۆز



ئوقىدا ئۆلگەن ياشلارمۇ ئاز ئەمەس». «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ‹ئۇنىڭغا ئاشىق بولسام گۇناھ بولامدۇ؟ قىيامەتتە ئازاب بولامدۇ؟›، دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹خۇدا بۇيرىسا گۇناھ يوق›، دېدى». «سەن نېمە ئۈچۈن لېۋىمنى ئاشۇ مەھبۇبنى سۆيۈشتىن چەكلەيسەن؟ ھالبۇكى زىرائەت تېرىغۇچىنىڭ ئۇ زىرائەتتە ھەققى بار ئەمەسمۇ؟». «ئىشىق ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقانلىقىمنى ھەقىقى مۇھەببەتنى چۈشىنىدىغان بارلىق كىشىلەردىن سورىغىن. شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەت ئەھلى ئىكەنلىكىمنى بىلىسەن». «مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالما، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىزگە قارىتا يامان خىيال، ئوي ـ پىكرى بار». «قىزىلگۈل بىلەن نىقابلانغان ئۇ مەھبۇبنىڭ مەڭزىگە سۆيدۈم. ھالبۇكى، يۈرىكىم ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن قۇتۇلىدىغاندەك ئەمەس». «ئۇ مەھبۇب ئاچچىقلانغان ھالدا بېشىنى تارتتى. مەن ئۇنىڭغا: ‹ئىسلامدا جاراھەتلەنگەنلەرگە قىيامەتتە قىساس بار. شۇڭا زۇلۇم قىلماي ئاغزىمغا سۆيۈۋالغىن›، دېدىم». «باھار شۇنداق بىر پەسىلكى، ھەر قانداق ۋاقىتتا پەخىرلەنسە بولغۇدەك، ئۇ باھار ئىنساننىڭ كۆزى، قەسىدىلەرنىڭ كۇپلېتلىرىدۇر».
«باھار ئۆزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ئىللىق شامىلى، چىرايلىق گۈللۈك كىيىملىرى بىلەن كەلدى. ئۇ شاخلارغا قارا! ئۇلار قانداق گىرەلىشىپ، قانداق ئايرىلىشقان ـ ھە؟ ئۇ شاخلار خۇددى سۆيۈشكە ئىنتىلىۋاتقان، ئەمما ماراقچىلار كۆرۈپ قالغانلىقتىن بۇ ئىنزاغا تەن بېرىپ، ئايرىلىشقان ئاشىقلاردەك. مەن ئۇ شاخلاردىن: ‹نېمە ئۈچۈن قىشتا

يالىڭاچ بولۇۋېلىپ، ئەتىيازدا كىيىم بىلەن كۆرۈنۈسىلەر؟›، دەپ سورىسام، ئۇلار ماڭا: ‹قىشتا كىيىمىمىزنى باھاردىن ئىبارەت بۇ خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلگۈچىگە سېلىپ بېرىمىز›، دېدى». «ئىنسان كىشىلەردىن ئايرىلىپ تاغ چوققىسىغا چىقىۋالسىمۇ، زىندىيەتتىن خالى بولالمايدۇ». «قاتتىقچىلىقتىن كېيىن كەڭرىچىلىك كېلىدۇ. قايغۇ ـ ھەسرەت يېقىنقى خۇشاللىقتىن بېشارەت بېرىدۇ». «بارلىق ھادىسىلەر ئاخىرىغا يەتكەندە ئاڭا يورۇقلۇقنىڭ يېتىپ كېلىشى يېقىن»...

«مۇفتاھىل ئەدەب» پەلسەپىۋى پىكىرگە بايلىقى، تەسۋىرلىرىنىڭ گۈزەللىكى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن، ھەقىقەتەن مەڭگۈ قىممىتىنى يوقاتمايدىغان ئۆلمەس ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.



# ئىككىنچى قېتىم ۋەتەنگە قايتىش

ئابدۇقادىر داموللام مەككىدىكى ئۆلىمالاردىن ئالالمىغان پەتىۋانى ئاخىرى يەنە مىسىر ئۆلىمالىرىنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە ئۆزىنىڭ كۈنسېرى ئۆسۈپ كېتىۋاتقان نام ـ ئاتىقىغا تايىنىپ بۇخارالىق داموللىلاردىن ئالدى. كۆلكىلىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭغا «ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىپ، ئۇنى ئۆگىنىش زۆرۈر» دەپ مىڭ تەستە پەتىۋا يېزىپ بەرگەن بۇخارا داموللىلىرى ئىلىم ۋە نام ـ ئاتاقتا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆزىگە يەتمەيتتى. قارىغاندا «ئۆز يۇرتۇڭدىن پەيغەمبەر چىقمايدۇ» دېگەن گەپ راس بولسا كېرەك؟! ئابدۇقادىر داموللامنىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەن قەشقەر موللىلىرى بۇخارالىق بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ھېلىقى داموللىنىڭ پەتىۋاسىغا «غىڭ» قىلالمىدى.

ئابدۇقادىر داموللام 1912 ـ يىلى ياز پەسلىدە پەتىۋانى ئېلىپلا قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندى، ھاجى قۇتلۇق شەۋقى قاتارلىقلار كېرەمباغقىچە ئالدىغا چىقىپ قىزغىن قارشى ئالدى. داموللام قۇتلۇق شەۋقى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، كېرەمباغقا قەشقەردىكى ئىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەت قىلىدىغانلارنىڭ ھەممىسى توپلانغانىدى. ئۇلار داموللامنى ئورىۋېلىشتى. كېيىن بىر توپ جامائەت دېڭىزدەك چايقىلىپ شەھەر تەرەپكە ئاقتى. نەزەر باغ دەرۋازىسىغا كەلگۈچە قارشى ئالغۇچىلارنىڭ توپى تېخىمۇ

چوڭايدى.

ئەنجان رەستىسىدىن ئۆتۈپ ھېيتگاھ مەيدانىغا يەتكەندە، خەلق توپى چوڭ دېڭىزغا ئايلانغان، مەيدانىنى شاۋقۇن قاپلىغانىدى. ھەيۋەتلىك ھېيتگاھ جامەسىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى سۇپىدا شەيخۇل ئۆلىما ئىسلام داموللا، ئابدۇغوپۇر داموللا قاتارلىق ئۆلىمالار، «قەشقەرنىڭ پېشۋاسى» دەپ ئاتالغان ھەمراھ باي قاتارلىق چوڭ - چوڭ بايلار ئابدۇقادىر داموللامنى ئۇچۇق چىراي كۈتۈۋالدى. قىزغىن كۆرۈشۈشلەر بىرقانچە دەقىقە داۋام قىلغاندىن كېيىن، تەكبىر ئوقۇلدى. ھەممەيلەن ئابدۇقادىر داموللامنى چۆرىدەپ جامائەگە كىرىپ كېلىشتى.

ئادەملەر بىلەن لىق تولغان جامائەدە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سەپنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئابدۇقادىر داموللامغا بويۇنداپ قارىشاتتى. ھەممەيلەننىڭ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكۈسى كېلىپ تۇرالماي قېلىشقانىدى. قەشقەر خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك ئالىمىنى قەۋەت سېغىنغانىدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا زور ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن تىكىلەتتى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئېگىزرەك جايلارغا چىقىۋالغان كىشىلەر گويا بوغدايلىقلاردىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قارانچۇقلارنى ئەسلىتەتتى. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتا قارانچۇقتىن بىرلا پەرقى شۇكى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يۇلتۇزلاردەك چاقناپ كەتكەنىدى. ئابدۇقادىر داموللامغا يېقىنراق تۇرغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىنتىلگەن تالاي كىشىلەرنىڭ قوللىرى توختاۋسىز خامان سورۇۋاتقان ئاردەك كىشىلەرنىڭ بېشى ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ، پەسكە سۇڭگۈپ تۇراتتى. كىشىلەر



بىلەن كۆرۈشۈپ بولالماي داموللامنىڭ قوللىرى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى، ئەمما يىراقتىكى ئاغرىقلار بېسىقمىغا چۈشكەنىدى. ئاتا يوللۇقلار ئەل ئۆمرىدە ئۇچرىتىپ باقمىغان قىزغىن كۈتۈۋېلىشلاردىن ھەيرانىدى.

ئىسلام داموللا بۇ ئايىغى چىقماس قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشلەرگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن ئاندۇقادىر داموللامنى ئۇنىمغىنىغا ئۇنىماي ئېگىز سۇپىغا يۆلەپ چىقىرىپ قويدى. كىشىلەر توپى شۇ چاغدىلا داموللامنى ئېنىق كۆرەلىدى:

— قېرىنداشلار! — ئابدقادىر داموللام جامائەتنىڭ ئۆزىگە كۆرسەتكەن ھۆرمەت - ئىھتىرامىدىن تەسىرلىنىپ بىر ھازا تۇرۇپ قالدى، — ئەزىزانە خەلقىم! مەن سىلەرگە بۇنچىۋالا ئىززەت قىلىشىڭلارغا ئەرزىگۇدەك بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئوڭايسىزلانماقتىمەن. مەن ئاران بىر تازىمىڭلارغا ئەرزىسەم، سىلەرنىڭ ماڭا قىلغان ئىززىتىڭلار مەن ئۈچۈن مىڭ تازىمغا ئەرزىيدۇ، ئابدۇقادىر داموللام شاۋقۇنلاپ تۇرغان جامائەتكە بېشىنى ئېگىپ قايتا - قايتا تازىم قىلدى. جامائەت قازانغا سۇ قۇيغاندەك بىردىنلا جىمىپ قالدى. ئابدۇقادىر داموللام شۇ چاغدىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قەدىرلىك جامائەت! چەت ئەلدىن سىلەرگە ھەر ھالدا قۇرۇق كەلمىدىم. نەچچە يىل ئىلگىرى سىلەردىن «ئۇسۇلى جەدىت ھارام، ئۇنى ئوقۇش دەھرىلىك» دېگەن ھارام پەتىۋا بىلەن ئايرىلغان بولسام، بۇ دۆرەم بۇخارادىكى ئۇلۇغ ئۇستازلاردىن «ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىپ، ئۇنى ئوقۇش زۆرۈر» دەيدىغان ئادىل پەتىۋانى ئېلىپ قايتىپ كەلدىم. بۇ گەرچە ئاڭلىماققا

ئىككى ئېغىز ئاددىيلا گەپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋەزنى پاتمان ــ پاتمان ئالتۇندىنمۇ ئېغىر. چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز ئۈچۈن ئالتۇندىنمۇ ياخشىراق ئەسقاتىدىغان پەتىۋادۇر. ئەمدى «ئۇسۇلى جەدىت ھارام!» دەپ جۆيلىگەنلەرنىڭ ئاغزىغا تاش! بىزنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ، جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرىدىغان، تارىخنىڭ يۇرتىمىز ئۈچۈن قارايغان ئاسمىنىنى دۇم كۆمتۈرۈپ توختىيالايدىغان ئەڭ قۇدرەتلىك نەرسە يەنىلا ئۇسۇلى جەدىت يولغا قويۇلغان مائارىپتۇر. جاھان تەرەققى قىلىۋاتقان بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئەلنى يەنە كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوقۇتقانلىق گۆھەرنى تاشقا ئۇرۇپ چاققانلىقتۇر. مەن جامائەتنىڭ ھىماتى ئاستىدا بۇندىن كېيىن ئۇسۇلى جەدىتنى كەڭ كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇشنى نىيەت قىلدىم. بۇ نىيەتتىن مېنى ھېچكىم ياندۇرالمايدۇ. ئەلنى ئويغىتىپ، توغرا يولغا باشلاش بىز ئالىم ــ ئۆلىمالارنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىزدۇر. ئەگەر بىز بۇ بۇرچىمىزنى ئادا قىلالمىساق، ئەل ئالدىدا ئۇ دۇنيا ــ بۇ دۇنيا يۈزىمىز قارا بولغاي. بۇ قېتىم تالاي ئەللەرنى ئايلاندىم، ئىچىم ئاچچىققا تولدى. قوشنا ئەللەرنىڭ خەلقلىرى بىزدىن يەتتە غۇلاچ ئۈزۈپ كېتىپتۇ. تەڭرى بىزنىمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ ياراتقانغۇ؟ ئۇلاردىن كېيىن قېلىش بىزگە نومۇس ئەمەسمۇ؟ ھازىر جاھاننىڭ ئىشلىرى ئۇچقاندەك تەرەققى قىلماقتا. بۇنداق شارائىتتا ھازىرقى بىر كۈنلۈك كېچىكىش تارىختىكى بىرەر ئەسىرلىك كېچىكىش بىلەن باراۋەر كېلىدۇ. بىز خۇدىمىزنى بىلمەي ئۇخلاۋەرگەن بىلەن، بۇنىڭ دەردىنى ئەۋلاتلىرىمىز تارتىدۇ. بۇگۈنكى لاغايلاشلىرىمىز، ئارقىدا



قىلىشلىرىمىز كېيىنكىلەرگە ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز پاجىئەلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدۇ. قېرىنداشلار! ئەجەبا جاھالەت پاتقىقىغا باشچىلاپ پېتىپ، جاھان تەرەققىياتىنىڭ كېپىش بازىرىدا ئەسكى پالازدەك سۆرۈلۈپ يۈرۈش بىزگىلا باقىبەندىمۇ؟ ئۇيقۇ بەرىبىر ئۆلۈمنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. باشقىلار ئۇيقۇنى تەرك ئېتىپ، سەگەكلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتسا، بىز ئەكسىچە سۈت ئۇيقىدا ياتماقتىمىز. ئەگەر ۋاقتىدا ئويغانمايدىغان بولساق، يەر يۈزىدىن ئىزىمىز ئۆچۈپ كېتىدۇ. باشقىلار مۇشتەك تۈگۈلمەكتە، بىز ھەدەپ سېغىزلىقتەك چاك ــ چاك يېرىلماقتىمىز، ئارىمىزدا ئىناقلىق خۇددى ئەنقا تۇخۇمىدەك غايىپ بولۇپ، نىزا ۋە تەپرىقىچىلىك باش كۆتۈرمەكتە؛ دىللاردىن ديانەت يوقاپ، نىيەتلەر بارغانسېرى قارايماقتا، قېرىنداشلار ياتلاشماقتا، ياتلار دۈشمەنلەشمەكتە، نادانلىق ھەممىمىزنىڭ بېشىنى ئۆزىمىزگە زىندان قىلىپ قۇرۇپ بەرمەكتە؛ ھەممىلا يەردە ئۆزۈمچىلىك باش كۆتەرمەكتە، خەلقنىڭ ئورتاق قايغۇسى ئۇخلاپ چۈشىمىزگىمۇ كىرمەيدىغان بولۇپ قىلىۋاتىدۇ؛ بۇ ئەپتىمىز بىلەن، توخۇنىڭ ئالدىدىكى دانغا ئوخشاش چېچىلماقتىمىز، ئۆز بېشىمىزدا ئۆزىمىز ياڭاق چېقىپ، زالىملارغا يېگۈزمەكتىمىز. بىزدەك ھاماقەت خەقتىن جاھاندا يەنە بىرسى بارمىدۇ؟ بىزگە رودىپايدەك چاپلىشىۋالغان بۇ ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇپ، نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى مەرىپەت ۋە ئىسلاھاتتۇر!

جامائەت ئابدۇقادىر دامولامنىڭ نۇتۇقىدىن ھاياجانغا كېلىپ، ئۇلۇغ ــ ئۇلۇغ تىنىشماقتا ئىدى.

— دامولام قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،

ئۆچۈپ قالغان چىراغ يېڭىۋاشتىن لاپىلدە يانغاندەك بولدى، — دېدى توپ ئارىسىدا تۇرغان ھەمراھ باي ھاياجىنىنى باسالماي يىغىدىكىلەرگە، — مەن بۇنچىلىق زىلزىلە بولۇپ كېتەر دەپ ئويلىمىغانتىم. نېمە دېگەن داغدۇغا ـ بۇ! سەككىز جەننەتنىڭ گۈزەللىكىدىن نۇسخا ئالغان ئەزىزانە قەشقەر ئۆز ئالىملىرى بىلەن پەخىرلىنىشنىمۇ، ئۇلارغا ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلىشنىمۇ ئوبدان بىلىدىغان شەھەر.

— جەدىتلىك — يېڭىلىق ۋە تەرەققىيات مەسلىكى، — ئابدۇقادىر داموللام سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ خەلقنى ئويغىتىش ۋە جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش يۇرت ئاتىلىرى ۋە ئالىم ـ ئۆلىمالىرىمىزنىڭ بويىنىدىكى قەرزدۇر. ھەدىستە: «قىيامەت كۈنى ھەممىدىن كۆپرەك ئازاپ چەككۇچى — ئۆز ئائىلىسىنى نادانلىقتا قويغۇچىدۇر» دېگەن گەپ بار. شۇڭا بۇ مەسلىنى يۇرت كاتتىلىرى ۋە ئالىم ـ ئۆلىمالار بىرىنچى بولۇپ ئويلاشقاي، ئامىن!

جامائەت گۈررىدە دۇئاغا قول كۆتۈرىدۇ، بەزىلەرنىڭ كۆز چاناقلىرىغا لىغىلداپ ياش كېلىدۇ، بەزىلەر چوڭقۇر ئويلىنىشلارغا غەرق بولماقتا ئىدى.

بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەردە ئىختىلاپ بەك ئاۋۇپ كېتىدۇ.

— مەككار ياڭ زېڭشىن بىزنىڭ خاراكتېرىمىزدىكى زىيادە ھېسسىياتچانلىقتىن ئىبارەت ئاجىزلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ، بىزنى ئاجىزلىقلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشقا ھەدەپ كۈشكۈرتمەكتە ۋە ئەقلىدىن ئامالىنىڭ



بارىچە يىراقلاتماقتا، پۇقرانى نادانلىقتا تۇتماقتا. ئىلگىرى ئېشەك تېرىسىدە كېرىلگەن دۇمباقلارنى چالاتتۇق، مانا ئەمدى بىر ـ بىرىمىزنى دۇمباق قىلىپ چالىدىغان بولۇپ قالدۇق. بىز «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا، قۇلىقىنى كەس» دېگەندەك، ئەركىن ۋە ساغلام رىقابەتلىشىدىغان مىجەزىمىزدىن چەتنەپ، كۆرەلمەسلىكتە، ئارقىدا قېلىشتا، سۇيىقەست قىلىپ ئورا كولاشتا رىقابەتلىشىدىغان بىر توپ تەلۋىلەرگە ئايلانماختىمىز. مائارىپ دەل مۇشۇ ئىللەتلىرىمىزنى داۋالايدىغان شىپاخانا ئىدى. لېكىن مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش تۇتىيادەك تەس بىر ئىش بولۇپ قالماقتا. ئۆزىگە خاس مائارىپ مەسلىكى بولمىغان مائارىپ بەربىر باشقىلارنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئوينايدىغان جانسىز، شەكلەن مائارىپ بولۇپ قالىدۇ، خالاس. يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قانچە تېز يولغا قويالىساق، قەدرىمىزنى شۇنچە تېز كۆتۈرەلەيمىز. كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قانچە ئۇزۇن داۋاملاشسا، جاھالەتپەرەسلىك شۇنچە بازار تېپىپ، شۇنچە خاتىرجەم بولىدۇ. چۈنكى نادان ئەلنى باشقۇرماق ئاسان، يوقاتماقمۇ ئاسان. ئاقىللىرى كۆپ ئەل ھېچكىمگە بوزەك بولمايدۇ. ھازىر مەدرىسەلىرىمىزدىكى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى جىددى ئىسلاھ قىلىش بىزدە تەخىرسىز زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا بىز دەرھال ئىش باشلىشىمىز كېرەك! ئەگەر بىز سۈت ئۇيقىدا ئۇخلاۋەرسەك، ئەسلى ـ ۋەسلىمىزنى يوقىتىپ قويۇپ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىدىغان ئېغىر جىنايەت سادىر قىلغان بولمايمىزمۇ؟ ھازىر 12 ياشلىق تالىپتىن تارتىپ 60 ياشلىق پىكرى ئوچۇق موللامغىچە بىزدىن ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا

تېزرەك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىۋاتىدۇ. ئالىملارنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت، ئەمىر ـ مەرۇپلىرى تەتۈر تەرجىمە قىلىنغان جۈملىلەر ئارقىلىق بايان قىلىنماقتا. دەرىسلەرمۇ شۇنداق. نېمە ئۈچۈن موللىلىرىمىز ئوڭ تەرجىمە قىلىپ جامائەتكە كۆپرەك مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى ئويلىمايدۇ؟ بىزمۇ مەتبۇئات قۇرۇپ گېزىت ـ ژۇرنال نەشر قىلىپ تەشۋىقات ـ تەرغىباتنى كۈچەيتىشىمىز، چەت ئەللىك دىن تاراتقۇچى ئوغرىلارغا تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك .

ئابدۇقادىر دامولللام ئوتتۇرىغا قويغان كەسكىن سۆز؛ دادىل پىكىرلەر يېقىنلىرى ئارقىلىق جامائەتكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنى قوزغىتىۋاتاتتى ۋە ئۇلارغا قەتئىلىك تۈيغۇسى بەخش ئەتمەكتە ئىدى.

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە قەشقەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئابدۇقادىر دامولللام توغرىسىدىكى ياخشى ـ يامان گەپ ـ سۆزلەر ئاۋۇپ كەتكەنىدى. ئابدۇقادىر دامولللام قەشقەرگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا پۈتۈن خەلقنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خانلىق مەدرىسەنىڭ پېشايۋىنى ئاستىدا بىر توپ تالىپ غۇژمەكلىشىپ تاتارىستاننىڭ مەركىزى قازاندا نەشر قىلىنغان يېرىم ئايلىق ژۇرنال «شورا» نى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ كۆرۈشمەكتە ئىدى. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى چەت ئەلدىن كىرىدىغان گېزىت ـ ژۇرناللارنى بەك ئوقۇيدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار «شورا»، «ۋاقىت» قاتارلىق نەشر ـ ئەپكارلىرىنى بەس ـ بەس بىلەن سېتىۋېلىپ ئوقۇپ،



روسىيىدىكى ئاخباراتلاردىنلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئەللىرىنىڭ ۋەزىيىتىدىن تەپسىلىي خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. يەنە چەت ئەللەردە ئوقۇغان، قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئەگىشىپ سودا پائالىيىتى ۋە ھەج مەقسىتىدە ئاشۇ ئىلغار ئەللەرگە بېرىپ ـ كېلىپ تۇرىدىغانلارمۇ بۇرۇنقىدىن ھەسسىلەپ كۆپەيگەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھاجىلار كۆپرەك بولۇپ، 1909 ـ يىلى قەشقەردىنلا 350 كىشى ھەجگە بارغانىدى.

بۈگۈن تالىپلار قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرۈۋاتقان شورا ژۇرنىلىدا ئابدۇقادىر دامولللام يازغان «ئەدىبىي سۆھبەت» سەرلەۋھىلىك بىرماقالا ئېلان قىلىنغانىدى. چوڭراق بىر تالىپ ئۇنى ئوقۇۋاتاتتى: «. . . 1915 ـ يىل 13 ـ سان ‹شورا› مەجمۇئەسىدە «بايانى ھەقىقەت» ساھىبىنىڭ ‹جاۋاھىرىلھىقان» ئەسىرىنى ئاۋۋال كۆرگەن چېغىمىزدا، ئاپتورنى شام ياكى مىسىر ئۆلىمالىرىدىن بولۇشى كېرەك، دەپ ھۆكۈم قىلغانىدۇق. بۇخارادا ئوقۇغان بىر ئادەمنىڭ ئەرەب تىلىدا بۇ دەرىجىدە پاساھەت بىلەن قەسىدە سۆزلەشكە قۇدرىتى يېتىدىغانلىقى خاتىرىمىزگە كەلمىگەنىدى، دەپ مەندىن ئىپتىخار ھېس قىلغانىكەن. كېيىن سابىرجان ئەپەندى ‹بايانى ھەقىقەت› نىيازغۇچى ئابدۇقادىر دامولللامنى ‹شورا› ئىدارىسى بۇخارادا ئوقۇغان ئادەم دەپ كۆرسىتىپتۇ. بىزنىڭ ‹شورا› ئىدارىسىنىڭ بۇرۇنقى كۆز قارىشى بويىچە مەزكۇرنى مىسىر ئۆلىماسى دەپ ھېسابلىشىمىز توغرا ئىكەن. ئەگەر خاتالاشمىغان بولساق، ئۇ كىشىنى مىسىردا سەككىز يىل ئوقۇغان بىر زات دەيدۇ. . . »

— بۇخارادا ئوقۇغان قەشقەرلىق بىر ئالىمنىڭ «جاۋاھىرىلھىقان» دەك بىر كىتابنى يېزىپ چىقالايدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەپتۇ - دە؟ — دەيدۇ چوڭراق تالىپ ماقالىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن.

— ئىلىمدە ئۇنداق تار قارايدىغان بولسا، مەھمۇد قەشقىرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى قويىدىغان ئورۇن تاپالماي قالامدۇ؟ — دەيدۇ يەنە بىر تالىپ.

تالىپلار تەرەپ - تەرەپتىن پىكىر بايان قىلىشىپ، ئۆزۈنغىچە تەسىرات سۆزلەيدۇ.

بىلىم - ئىقتىدار ئىگىسى، نادىر ئەسەرلەر ساھىبى، مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىپەرۋەر، ئىسلاھاتچى ئالىم ئابدۇقادىر داموللا بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقىرى ئەنە شۇ تەقلىدتە كەڭ جامائەت ۋە تالىپلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا ئىدى.



# يېڭىچە مائارىپ

ئابدۇقادىر داموللام ۋە ئاكا - ئۇكا مۇسابايلار قەشقەردىكى يېڭىچە مائارىپنىڭ يولباشچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خەلقنى دەرھاللا يېڭىچە مائارىپقا يۈزلەندۈرۈپ كېتەلمەيدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەشقەر شەھىرىدە ئاچقان مەكتىپىمۇ ئىككىنچى يىلى ئۇنىڭ ئورنىغا مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان شاگىرتىنىڭ بىخەستەلىكى سەۋەبىدىن خەلقنىڭ قوللىشىدىن قالىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تۈركىيەدىكى «بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھەيئىتى» قەشقەردە يېڭىچە مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ياردەم بېرىش مەقسىتىدە بىر تۈرك ياشنى ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. «بىرلىك ۋە تەرەققىيات ھەيئىتى»نىڭ رەھبەرلىرىدىن ئوسمانلى تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ داخىلى ۋەزىرلىكىنى ئۆتەۋاتقان تەلئەت پاشا مۇساباي جەمەتىدىكى بىرسىنىڭ ھەج قىلىپ قايتىشىدا ئىستانبۇلنى زىيارەت قىلىۋاتقان پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەرگە ئەۋەتىدىغان ئوقۇتقۇچىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

1914 - يىلى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، تۈركىيىدىن كەلگەن ياش ئوقۇتقۇچى ئۈستۈن ئاتۇشتىكى باۋۇدۇن باي تەرىپىدىن رەسمىي قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ قەشقەر شەھىرىدە مەكتەپ ئېچىش ئىمكانىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بىر ئاي ئۆتكەندە، شەھەردىكى نوپۇزلۇق كىشى

ئۆمەربايىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مەكتەپ ئورنىنى مۇسابايىنىڭ يۇرتى ئۈستۈن ئاتۇشقا يۆتكەيدۇ. 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، تۈركىيىلىك ئوقۇتقۇچى مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھادىيەسى» قۇرۇلۇپ، مەكتەپ خىراجىتى ئۈچۈن «ئىسلام خەيرى - ئېھسان جەمئىيىتى» نىڭ پائالىيەت باشلىغانلىقى جاكارلىنىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام ۋە ياش كارخانىچىلارنىڭ بىرى بولغان ھاجى ئەلى قەشقەر شەھرىدە «ئىسلام خەيرى - ئېھسان جەمئىيىتى» نىڭ باش شتابىنى قۇرىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ پائالىيىتى تېزلا مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئەڭ ئالدى بىلەن سېلىم ئاخۇن ئىسىملىك ئۆلىما «تارىخ، جۇغراپىيە ئوقۇتۇش ھارامدۇر» دەپ پەتىۋا چىقىرىدۇ. ئۆمەر باي يەنە مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە باش بولۇپ، يېڭىچە مائارىپنى قوللىغۇچىلارغا تۆھمەت چاپلاش، زەربە بېرىشنى كۈچەيتىدۇ.

ئۆمەرباي بىلەن مۇساباي قەشقەردىكى رىقابەتچى سودىگەرلەردىن بولۇپ ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئىچىدە پەقەت مۇشۇ ئىككىسىنىڭلا روسىيە ۋە قوقەندتىن مال سېتىۋېلىش ھوقۇقى بار ئىدى. ئۆمەربايىنىڭمۇ قەشقەر شەھرىنىڭ بېجىنى يىغىش ھوقۇقى بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئابدۇقادىر داموللامىلارنىڭ قەشقەردە مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ئۆمەر باينىڭ ياردىمى بولمىسا بولمايتتى. باۋۇدۇنباي ئۆمەر ئاخۇنباي مېنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ھەققىدىكى تەلىپىمنى قوبۇل قىلسا، مەن ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تېزىكىنى ئېرىغدايدىغان ئىشى بولسىمۇ ياق



دېمەيمەن» دېگەنىدى. ئۇلار ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغاندىن سىرت، ئەينى چاغدىكى قەشقەر جەمئىيىتىدە ھەر خىل تەرەپبازلىق ۋە يۇرتۋازلىق ئەدەپ قالغانىدى. بولۇپمۇ قەشقەرلىق بىلەن ئاتۇشلۇق ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە ئېغىر ھالدا ئىشەنمەسلىك مەۋجۇت ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىردىن باشلاپ، شىنجاڭدا نوپۇز تىكلىۋالغان ئاتالمىش قەشقەر خوجىلىرىدىن بولغان ئىشقىيە بىلەن ئىسھاقىيەنىڭ ماجىراسىغا چېتىلىپ قېلىپ، باۋۇدۇنباي ئىشقىيەنى، ئۆمەر باي ئىسھاقىيەنى قوللىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئەل ئارىسىدا يەنە مۇساباي جەمەتىنىڭ شۆھرىتى ئۆمەر بايىنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنىدى. قەشقەردىكى تەسىر كۈچى زور بولغان بىر قىسىم كىشىلەرمۇ مۇتەئەسسىپ كۈچلەر تەرەپتە تۇرۇپ، قەشقەردە يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويۇشتىكى قىيىنچىلىقلارغا بىر ياندا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇۋېلىشقانىدى. يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇشتا قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋېلىپ، جەمئىيەتتىكى ئاتاق ۋە ھوقۇقىنى ساقلاۋاتقان مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالار جەدىتچىلىك ھەرىكىتىگە ئەڭ كۈچلۈك قارشى تۇرغۇچىلار ئىدى. شۇ چاغدا قەشقەردە قازىلىق، مۇدەررىسلىكتەك دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئەمەلدارلار سايلام ئارقىلىق چىقماي، باي - مۆتىۋەرلەر ئۇلارغا يان باسىدىغان ئىناۋەتلىك كىشىلەرنى كۆرسىتىپ خالىغانچە بېكىتىپ قويىدىغان بولغاچقا، سېلىماخۇندەك ئۆلىمالارغا ئۆزىنىڭ ئىمتىيازىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئۆمەربايىنىڭ كەتمىنىنى چاپمايمۇ ئامال يوق ئىدى. بىراق سېلىماخۇن چىقارغان پەتىۋا ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇنازىرىدە تۈركىيىلىك

ئوقۇغۇچىنىڭ سۆزلىرى توغرا دەپ قارىلىدۇ. سىلىماخۇن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئۆمەر باي دائىم مۇتەئەسسىپ ئۆلىمالارغا باشقىلارنى سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن ماددىي ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەيداندىن پايدىلىنىپ ئومۇمغا ھەيۋە كۆرسىتىدۇ. بۇ قېتىممۇ ئۇ سىلىمئاخۇن ئارقىلىق «شەرىئەتكە بويسۇنۇش» دېگەندەك پەتىۋانى چىقارغۇزۇپ، خۇسۇسىي مەقسىتىنى يەنى مۇساباي جەمەتىگە بولغان دۈشمەنلىكىنى يوشۇرۇپ قالىدۇ.

مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ يېڭى مائارىپنى ئەيىبلىشى كۈچىيىۋاتقاندا، قەشقەر دائىرىلىرى باۋۇدۇنباينىڭ ئىشلىرىغا دىققەت قىلىشقا باشلايدۇ. باۋۇدۇنباي ئۆز پائالىيەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە سىياسىتى بىلەن ئامانلىقىغا دەخلى يەتكۈزمىسىلا، ھەرقانداق ھەرىكەت ئەركىنلىكىگە ئىگە بولىدىغانلىقى، بولۇپمۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدىغانلىقى ھەققىدە جاۋابقا ئېرىشىدۇ. بۇ قېتىممۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۈستۈن ئاتۇشتىكى مەكتەپكە 1914 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئىجازەتنامە بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆمەربايىنىڭ تەسىر كۈچى بار قەشقەر شەھىرىدە ھۆكۈمەت ئابدۇقادىر داموللام ۋە ھاجى ئەلى باشچىلىقىدىكى «ئىسلام خەيرى ـ ئېھسان جەمئىيىتى» نىڭ باش شتابىنى تاقاتقۇزۇۋېتىدۇ. بۇنداق جىددىي ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن يېڭى مەكتەپ دائىرىلىرى مەكتەپ ئېچىپ بىر يېرىم يىلغا يەتمەيلا دەرس توختىتىپ ئاشكارا ئىمتىھان ئېلىپ، 60 نەپەر ئوقۇغۇچىدىن 27 نەپىرىگە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىلىق سالاھىيىتىنى



بېرىدۇ. قەشقەردىكى ھاجى ئەلى قاتارلىقلار باش بولۇپ دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەنلەرنى ئوقۇتقۇچى قىلىپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچىدۇ. ئۆمەر باي يەنە سۇخەنچىلىك قىلىپ ئۇلارنى قەشقەردىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە چاققانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇلارنى قولغا ئېلىپ، مەكتەپنى تاقىۋېتىدۇ.

1913 ـ يىلى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بېيجىڭدىكى پارلامېنتقا ۋەكىل سايلاپ چىقىش ھەققىدە قەشقەردىكى ئۇيغۇرلارغا نەچچە رەت ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. يەنە بېيجىڭنىڭ مۇپەتتىشى ۋاڭ ئاخۇن ئابدۇرەھمان بىلەن بېيجىڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەبۇبەكرى ئاخۇنمۇ بۇ ھەقتە قەشقەرگە نەچچە رەت خەت يېزىپ سۈيلەيدۇ. بۇ خەتمۇ ئىچكى تەرەپپازلىق تۈپەيلىدىن ئۆزئارا كېلىشەلمەيۋاتقان قەشقەرلىكلەر ئارىسىدا تالاشتا قېلىپ، خېلى كۈنلەرگىچە جاۋابسىز قالدۇرۇلىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدىكى قەشقەرنىڭ ئەھلى ئۆلىمالىرى، مۆتىۋەرلىرى بۇ ئۇقتۇرۇشنى ئالقىشلايدۇ.

1915 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، باۋۇدۇنباي قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ماشاۋۇنىڭ نەسىھىتى بىلەن، ئۆمەربايغا ۋە قەشقەرگە بولغان ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى يارباغدا مەكتەپ ئاچىدۇ. بۇ مەكتەپ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ نازارىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ ۋە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش شەرت قىلىنىدۇ، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئوقۇغۇچى سانى تېز سۈرئەتتە ئازلاپ كېتىدۇ. مۇسابايىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا،

ئىستانبۇلدا نەچچە يىل ئوقۇپ تەربىيىلەنگەن، 1914 ـ يىلى يۇرتىغا قايتىپ يېڭى مائارىپ پائالىيىتىگە ھەمدەمدە بولغان تۇرسۇن ئەپەندى شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇستۇن ئاتۇشتا مائارىپ پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەيدۇ.

ئەنە شۇنداق ۋەزىيەتتە، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە قارشى كۈچلۈك قورغان ھاسىل قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئابدۇقادىر داموللام كەڭ ئاممىغا نەسىھەت قىلىشنى ئاساسى ۋەزىپە قىلغان ئۆلىمالار جەمئىيىتىنى تەشكىللەيدۇ.

بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئابدۇقادىر داموللام باشچىلىقىدا قۇرۇلغان «ئۆلىمالار جەمئىيىتى» قەشقەردىكى مائارىپ ئىسلاھاتىغا جانلىق يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇلار پات ـ پات چوڭ ـ چوڭ ئاممىۋى يىغىلىشلارنى ئۆتكۈزۈپ ئاممىغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار بۈگۈن چاقىرغان يىغىلىشقىمۇ قەشقەردىكى نۇرغۇن ئۆلىما، داموللا، خەلپەت، تالىپلار قاتناشقانىدى.

ئابدۇقادىر داموللام سۆزلىمەكتە، ھەممەيلەن زەن قويۇپ ئاڭلىماقتا ئىدى:

— بىلمەسلىك، چۈشەنمەسلىك ئادەمنى زەئىپ ۋە قورقۇنچاق قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا بىز ھازىر كونا ئادەتلىرىمىزنى يېڭىلاشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتىمىز. ھازىرقى زامان ئويغىنىش زامانى، غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس. بىزنىڭ كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىمىزدا بىر تالىپ ئۆزىنىڭ 20يىللىق ئۆمرىنى زايە قىلماقتا. بىزگە ئۆمۈردىن قىممەتلىك نېمە بار؟ بۇ نېمە دېگەن زور ئىسراپچىلىق!



تەرەققىي تاپقان ئەللەردە پېخسىق بايلىرىمىز بىر تەڭگىنىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ ئۆتۈپ خەجلىگەندەك، كىشىلەر بىر دەقىقە ۋاقىتنى مىڭ دەقىقىگە سوزۇپ پايدىلانماقتا. بىزچۇ؟ شۇنچە 10 ـ 20 يىللارنى زايە قىلىۋېتىپمۇ بىر تىيىن زىيان تارتمىغاندەك بەخىرامان يۈرمەكتىمىز. ئوقۇتۇش ئۇسۇلىمىزنىڭ ھالى شۇنچىلىك تۇرسا، تالىپلار مەكتەپتىن قاچماي نېمە قىلسۇن؟ بىر تالىپ ئىگىسى يېتىلەپ كېتىۋاتقان بىر ئۆچكىنىڭ تىرەجەپ ماڭماي تۇرۇۋالغىنىنى كۆرۈپ: «ئەي ئۆچكە، سېنى ھەرقانچە يامان يەرگە ئاپارسا قاسساپنىڭ ئالدىغا ئاپىرىدۇ. مەكتەپكە ئاپارمىغاندىكىن نېمە قورقىسەن؟» دەپتۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، بىز نېمە ئۈچۈن ئىسلاھات قىلمايمىز؟ ھازىر مىسىر، ئىستانبۇل مەدرىسەلىرىدە ئىسلاھات يۈرگۈزۈلۈپ 20 يىللىق ئوقۇشنى 8 ـ 10 يىلغا قىسقارتتى. بىزچۇ؟ كونا ئۇسۇلدا قېتىپ قالماقتىمىز. «مىللىتىڭ نېمە؟» دېسە، «مۇسۇلمان»، «ئىبراھىم خەلىلۇللا» دەپ جاۋاب بېرىدىغان، «ئۇيغۇر» دەپ جاۋاب بېرەلمەيدىغان سان ـ ساناقسىز قېرىنداشلىرىمىزنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىردىنبىر چارىسى مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇشتىن ئىبارەت.

شۇنىڭدىن كېيىن، قەشقەردىكى مەدرىسەلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن يېڭىلىقلار بارلىققا كېلىشكە باشلايدۇ. بۇ يېڭىلىقلار كۆپىنچە ئابدۇقادىر داموللام ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلغان «ئابدۇۋەلى باي» مەدرىسەسىدىن تارقىلىۋاتاتتى. ئىلگىرىكىدەك يادلاش ئۈچۈنلا ئوقۇتۇش ئۇسۇلى چۈشەندۈرۈپ ئوقۇتۇشقا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن،

مەكتەپتىن قىسماقتىن ھۇركۈگەندەك ھۇركۈيدىغان تالىپلار مانا ئەمدى مەكتەپكە ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇرغىلى تۇرىدۇ. ئىلگىرىكىدەك مەنتىقىسىز قۇرۇق - مۇنازىرىنىڭ ئورنىغا ھەربىر تالىپ ئۆز ئالدىغا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش يولغا قويۇلىدۇ. پەسىللىك، يىللىق ئىمتىھان ئېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ تالىپلارنىڭ تىرىشچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئوقۇش قىزغىنلىقى پۈتۈن شەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ، تالىپلار ھەسسىلەپ كۆپىيىدۇ. يىراق سەھرادىكىلەرمۇ شەھەرگە كىرىپ داموللامدا ئوقۇشنى تەلەپ قىلىشىدۇ.

ئابدۇۋەلى باي مەدرىسەسى بىر مەزگىل ئەنە شۇنداق ئوقۇش قىزغىنلىقى ئىچىدە قايناق بازاردەك قىزىپ كېتىدۇ.

ئۇزۇن يىللار مەدرىسەدە ئوقۇپ كېلىۋاتقان چوڭ - چوڭ تالىپلار داموللامدا ئوقۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۆتكەن ئۆمۈر، كەتكەن ۋاقىتلارغا ئېچىنىپ پۇشايمان قىلىشىدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شۆھرىتى ئېغىزدىن - ئېغىزغا، قولاقتىن - قولاققا كۆچۈپ پۈتۈن قەشقەرگە پۇر كېتىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، يۇرت خەلقى ئابدۇقادىر داموللىنى قەشقەرنىڭ باش قازىلىقىغا سايلاپ چىقىدۇ.



# گۈلاختىكى باللار

قەشقەرگە ھەش - پەش دېگۈچە قەھرىتان قىش پايپاسلاپ كىرىپ كېلىدۇ. ھەرىدەك چاقىدىغان سوغۇق ئادەمنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كېتەتتى. «قەشقەردە ياش باللار ھامام ئاستىدا كۈلدە ياتۇرلەر» دېگەن قوشاقنى ئاڭلىغانمۇسىز؟ رەھىمسىز سوغۇق ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شەھەر ھاياتىنىڭ «گۈلاخ» دەپ ئاتىلىدىغان ھامام كۈلخانىسىدا جۇل - جۇل كىيىملىك بىر توپ باللار كۈلگە كۆمۈلۈپ، ئاچچىق سوغۇقتىن ئۆزىنى دالدىغا ئالماقتا ئىدى. شۇ ئارىدا كوچا دوقمۇشىدا توپ - توغرا گۈلاخقا قاراپ كېلىۋاتقان بىر توپ سالاپەتلىك ئادەملەر پەيدا بولىدۇ. توپنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنى ئابدۇقادىر داموللا ئىدى. گۈلاختىكى باللار ھەيرانە ھەس بولۇپ قېتىپ قېلىشىدۇ.

— بىز سىلەردىن ھال سوراپ بېشىڭلارنى سىلايلى دەپ كەلدۇق، جۇرۇڭلار بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ مېھمان بولۇپ كېلىڭلار!

داموللام بۇ يىل سوغۇقنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى، كوچىلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈۋاتقان يېتىم - يېسىر، تىلەمچىلەرنىڭ كۆپلۈكىنى بايقاپ، خېلىدىن بېرى ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇلارغا ئائىتدارچىلىق قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېتىملەر خانىسىنىمۇ كەچكۈز كىرگۈچە پۈتتۈرۈپ تەييار

قىلىپ بولغانىدى.

سالاپەتلىك مويسىپىت كىشىلەر مۇتلەق ئاياغ باسمايدىغان گۆلاخقا بۇگۈن داموللام بىر توپ جامائەتنى باشلاپ كەلگەنىدى. بايىقى گەپنى ئاڭلىغان باللار تېخىمۇ ھەيران بولۇشتى، تەبىئىكى ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئىشەنمەسلىك ئالامىتى چىقىپ تۇراتتى. داموللام يەنە سۆز قىلدى:

— سىلەردەك مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى غوجائەركەكلىرىگە ئىلىم ئۆي، ئىسسىق باسقۇدەك غىزا تەييارلاپ قويۇپ كەلدۇق. قارا قىشنى گۆلاختا ئۆتكۈزۇش تەس. دەرھال ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ مەن بىلەن مېڭىڭلار، باللىرىم!

داموللامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان باللار خۇشاللىقتىن چۇرقىرىشىپ كېتىدۇ.

ئۇلار داموللامغا ئەگىشىپ بىر ھازا ئۇن - تۈنسىز ماڭغاندىن كېيىن، ئاخىر ئۆز شاپائەتچىسىنىڭ ئىسسىق ئۆيىگە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا مورا ئوچاقتا چاراسلاپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. باللار ئوچاق ئەتراپىغا ئولۇشۇپ ئۆزلىرى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بۇ تاسادىپىي ئامەتتىن تېخىچە ھەيران بولغان ھالدا راھەتلىنىپ ئوتسىنماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇنداق راھەتنى ئەل ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇلار ئوت سىنىپ بولغاندىن كېيىن، داموللامنىڭ مۇلازىملىرىغا ئەگىشىپ ئۈچ - تۆتتىن بىر بولۇپ يۇيۇنۇش ئۆيىگە كىرىپ بەدەنلىرىنى سۇغا سېلىشىدۇ، ئاندىن ئابدۇقادىر داموللام ئۆزلىرىگە ئاتاپ تىكتۈرۈپ تەييارلىتىپ قويغان پاختىلىق ئىشتان -



چاپانلارنى يېڭى ئىچ كىيىملەرنىڭ ئۈستىگە كىيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلار بىر - بىرىنى ئاران تونۇشقان ھالدا ئۆيگە سېلىنغان كاتتا داستىخان ئەتراپىغا تارقىلىپ، دەسلىپىدە چىپ - چىپ تەرلەپ ئولتۇرۇپ بىر چىنىدىن قىيمىلىق ئۇگرە ئىچىدۇ. ئۇلار مېھماندارچىلىقمۇ شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەن بولسا كېرەك دەپ لەۋلىرىنى يالاپ ئولتۇرۇشقاندا، داستىخانغا تاۋاق - تاۋاقتا ئۈستىگە كاللەك - كاللەك گۆش بېسىلغان، ھورى چىقىپ تۇرغان پولۇ كەلتۈرۈلىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام باللارنى پولۇ يەپ كېكىرىپ بولۇشقاندىن كېيىنمۇ قويۇپ بەرمەيدۇ. ئۇلارنى ھويلىسىدا ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان يېتىملار خانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ داۋاملىق ئېلىپقالىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇقادىر داموللام يېتىملەر خانىسىغا كىرىپ ئۇلارنى كۈندە نەچچە ۋاق يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۇ ھەر قېتىم كىرگەندە، باللاردىن ئاتىلارچە مېھرىۋانلىق بىلەن ئەھۋال سوراپ، قىيىنچىلىقلىرىنى سورۇشتۇرەتتى، ئۇلارنى ئىناق ئۆتۈشكە، بىر - بىرىنى ھۆرمەتلەشكە رىغبەتلەندۇرەتتى. كېيىنچە ئابدۇقادىر داموللام نائىلە خېنىمنىڭ رەنجىشلىرىگىمۇ پەرۋا قىلماي ھىجرەتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تېجەپ - تۆشەپ يىققان ۋە داستىخانلاردىن چۈشكەن، جامائەت دۇئا قىلدۇرۇپ بەرگەن يوغان بىر غەللە پۇلنىڭ ئاچقۇچىنى يېتىملەر ئارىسىدىكى ياشتا چوڭراق بىرىگە تۇتقۇزۇپ، ھەممىگە باب - باراۋەر ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

# ئامىنغا نەسىھەت

1920 - يىلى ئىككىنچى قېتىم ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن ئابدۇقادىر داموللام ئەسلىدە يېڭىچە مائارىپ ئىشلىرىنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ۋە ئۇلارنى ئارقا تىرەك قىلغان مۇتەئەسسىپ، چالا موللىلار بىلەن تۇتۇشۇپ قىلىشتىن مۇمكىنقەدەر ئېھتىيات ئەيلەپ، ئەپلەپ - سەپلەپ يول تېپىپ يۈرۈشتۈرمەكچى بولغانىدى. بىراق خەلقىنىڭ قېنىنى شوراپ ياشاۋاتقان پارىخور ئەمەلدارلار، جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مەككار سوپى - ئىشانلار، ئاچكۆز، جانباقار بايلار «قورققان بالدۇر مۇش كۆتۈرۈپتۇ» دېگەندەك، ئالدىنئالا مۇش كۆتۈرۈپ قوپقاچقا، ئابدۇقادىر داموللامغا ئۇلارغا قارشى كەسكىن كۈرەشكە ئاتلانمايمۇ ئامال بولمايدۇ. ئۇلار ئابدۇقادىر داموللامنىڭ: «ھەر قايسىلىرى يۇرتنىڭ كۆزى، خەلقىنىڭ بېشى، ھالبۇكى، خەلقىمىزنى ئىلىم - مەرىپەتكە، تەرەققىياتقا باشلىماستىن، پۈتۈن ئىجتىھات ۋە ئىشتىياق بىلەن مۆھۈر ھەققىگە مەپتۇن بولۇپ، كۈندە چۈشكەن تەڭگىلەرنى ئەۋرەزگە كۆمۈپ خاتىرجەم ئۇخلاشسىلا، خەلقىمىزنىڭ ھالى قانداق بولار؟ بىز ئۆز باللىرىمىزغا مەكتەپ ئاچماي، ئۇلارنى تاشلىۋەتتۇق. . . تېخى ھەر خىل جازا چارىلىرىنى قوللىنىپ، خەلقىنىڭ بېشىغا دەرد سېلىپ، ئۇلارنى جاراھەتلەندۈرمەكتىمىز. ئەگەر بۇ توغرىدا قايغۇرمايدىغان بولساق، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا



قاتتىق ئۇيانقا قىلىشىمىز، لەنەت - نەپرەتكە كۆمۈلۈشىمىز مۇقەررەر گەپ» دېگەن خىتابلىرىنى ئەسەبىيلىك ۋە ئۆزلىرىگە دارىتمىلانغان دەپ خۇددۇكسىرىشىپ، ھازىرچە قوللىرىدىن كېلىدىغان ئەڭ ئاددى ۋە ئەڭ پەسكەش ۋاستە بولغان تۆھمەتخورلۇق ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىشىدۇ. تۆھمەت قۇيۇنلىرى قەشقەر ئاسمىنىدا خالىغانچە تۈگۈز توپىقى ئويناشقا باشلايدۇ. بۇلارغا ۋەز - نەسىھەت ئۇقۇپ، خەلقىنىڭ كويىدا بولۇشقا ئۈندەشنىڭ ئۆزى كالا مۈڭگۈزىدە گۈل ئۈندۈرۈش بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ ئىتلارغا مىڭ نەسىھەت قىلساڭمۇ بەربىر يەنە ئىتلىقىنى قىلماي قويمايدۇ - دە؟ ئۇ ھەرگىز كالىغا ياكى قويغا ئۆزگىرىپ قالمايدۇ. بۇ ھەقىقەتنى تەن ئالغان ئابدۇقادىر داموللام يېڭىۋاشتىن پەرىشان بولۇپ قالىدۇ. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي بۇ پەرىشانلىقتىنمۇ قۇتۇلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك ساقلاپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملاشتۇرۇپ كېلىشكە قادىر بولالىغان بۇ ئەزىز خەلق ئابدۇقادىر داموللامغا تاغدەك يۆلەنچۈك ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامۇ ئۇلارغا چەكسىز ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قارايتتى. شۇڭا سۇنى سىڭگەن يەرگە سەپمىسە بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ئابدۇقادىر داموللام ھەر كۈنى نامازدىگەردىن كېيىن ھېيتگاھ جامەسىدە سورۇن تۈزۈپ ئەمىر - مەرۇپ قىلىپ، ئەلگە ۋەز - نەسىھەت قىلىشنى ئادەت قىلىۋالىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام ئامىنغا «نەسىھەت» ناملىق مەشھۇر ماقالىسىنى دەل ئەنە شۇنداق ئەمىر - مەرۇپ سورۇنلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، خەلقىنىڭ ئويغىنىش قەدىمىنى

تېزلىتىشنى مەقسەت قىلىپ يازغانىدى.

مانا بۇگۇنمۇ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ نۇتۇقىنى ئاڭلاشقا ئالدىرىغان تالىپلار، خەلپەتلەر، داموللىلار، ئىماملار تەرەپ - تەرەپتىن توپ - توپ بولۇپ يېتىپ كېلىشىپ، ئۇلۇغ بىر ئېقىننى ھاسىل قىلىپ خانلىق مەدرىسەگە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. ھەش - پەش دېگۇچە مەدرىسە ئىچى ئادەمگە لىق تولدى، ئۇلارنى كۈچلۈك تەقەززالىق ۋە ھاياجان قاپلىغانىدى. ھەممە كۆزلەردە ئابدۇقادىر داموللىنى كۆرۈش، نۇتۇقىنى ئاڭلاش ئىستىكى ئوت بولۇپ ياناتتى. ئۇلار ئابدۇقادىر داموللىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقاندا، ئابدۇقادىر داموللام ئىسلام داموللا قاتارلىق پېشقەدەم ئۆلىمالارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىشىكتە كۆرۈنىدۇ. خەلق توپى خۇددى قىلىچ بىلەن چاپقاندەك ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئوتتۇرىدىن يول ئاچىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام ۋە ئىسلام داموللاملار بىر توپ يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، سالماق قەدەملەر تاشلاپ، ئاممىنىڭ سالىمىغا سالام، ھۆرمىتىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ. ئابدۇقادىر داموللا بىلەن بىللە كەلگەنلەر ئىچىدە ئوبۇلقاسىم قازى، ئابدۇغوپۇر داموللا، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى.

ئۇلار ئاممىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، ۋە قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە مەسچىت ئايۋانچىسىنىڭ ئالدىدىكى سۇپىغا چىققاندىن كېيىن ئارقىسىغا قايرىلىپ كۆپچىلىككە ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام جامائەتكە تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن، سۆزىنى باشلايدۇ:



— قېرىنداشلار، يۇرتداشلار، خەلقىمىزنىڭ تەقدىرى ھازىر قىل ئۇستىدە تۇرماقتا. زۇلۇم، جاھالەت، نادانلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، خۇراپاتلىق ئارىمىزغا خۇددى ۋابادەك يامراپ، جېنىمىزنى ھەلقۇمىمىزغا تاقاپ قويماقتا. ھەرقانداق كىشى ئەگەر ئاز - تولا ۋىجدان ئىگىسى بولسىلا، بۇنىڭغا ئېچىنماي تۇرالمايدۇ. ھەممىمىزگە ئايانكى خەلقنى روناق تاپقۇزۇشتا خەلقنى تەرەققىياتقا، ئىسلاھاتقا باشلاشتىن ئۆزگە يول يوقتۇر. دۇنيادا ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارغان خەلقلا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلەيدۇ. بىز مەرىپەت نۇرى ئارقىلىق خەلقنى ئويغاتماقچىمىز، پۈتۈن قەشقەر خەلقىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شىنجاڭدىكى جاھالەتتە، ئاسارەتتە ۋە قۇللۇقتا ياشاۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنى ئويغىتىپ، يېڭىچە مەرىپەت نۇرىغا ئىگە بولغان، ئۆز ئىدىيىسى، ئۆز كاللىسىغا تايىنىپ مۇستەقىل پىكىر قىلالايدىغان كىشىلەردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقماقچىمىز. ئۇيقۇدا بىخۇت ئۇخلاۋاتقان خەلقنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن ئۆزىگە خەۋەر بېرىپ، بۇنىڭدىن كېيىن زادى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بايان قىلماقچىمىز. بىز شۇ مەقسەتتە «نەسىھەتى ئامما» ناملىق بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتۇق. بۇ ماقالىگە گەرچە قەلەمنى مەن تەۋرەتكەن بولساممۇ، بىراق ئۇ قەشقەردىكى خەلقنىڭ غېمىنى يەيدىغان ھالال ئۆلىمالارنىڭ يۈرەك ساداسى. ماقالە پۈتكەندىن كېيىن، ئۆلىمالار جەمئىيىتىدىكى بارلىق ئۇستازلار كۆرۈپ چىقىپ، بىردەك ئالقىش ياڭرىتىشتى. قەشقەر ئۆلىمالىرى ۋە مەھكىمە شەرئىگە ۋاكالىتەن ئىسلام داموللا قازى ئەئلەم، قازى ئوبۇلقاسىم، ئابدۇغوپۇر داموللام

قاتارلىق پېشۋالار ھەر قاچان مەسئۇل بولۇشقا تەييار ئىكەنلىكلىرىنى بىلدۈرۈپ، قول قويۇپ، مۇبارەك مۆھۈرلىرىنى بېسىشتى.

يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغانلار جامائەتكە رازىمەنلىك بىلەن كۆلۈمسىرەپ قويۇشىدۇ. ئابدۇقادىر داموللا «ئاممىغا نەسىھەت» نى ئوقۇشقا باشلايدۇ:

— بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم يەنى رەھىمدىل، شەپقەتلىك ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. ئىسلامىيەت ئالىمىنىڭ دانىشمەنلىرى، ديانەت دۇنياسىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىگە روشەن ۋە ئوچۇق بولسۇنكى، ھازىر ۋە كەلگۈسىنىڭ بەخت ـ سائادىتى، شاراپىتى (شان ـ شەرىپى) ئىمان (نىيەت) ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش بىلەن مەيدانغا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس قانۇنى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ بىر قانچە يېرىدە ئىماننى ياخشى ئەمەل بىلەن بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە يەنى نەزەرىيەنى پايدىلىق ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش ھەققىدە ئالاھىدە ئايەتلەر كەلتۈرۈلگەن. خالايىققا ئايانكى، ھەر قانداق ئىش ياخشى نىيەت بىلەن باشلانمىسا، قىلچە پايدا بەرمەيلا قالماستىن، بەلكى يامان ئاقىۋەتكە گىرىپتار قىلىدۇ. نىيەت قانچە ياخشى بولغان بىلەن، ئۇ پايدىلىق ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە، كامالەتكە يېتەلمەيدۇ. بۇ سىرلاردىن مۆتىۋەر پېشقەدەملىرىمىز ۋە بۇرۇنقى ئالىملىرىمىزمۇ خەۋەردار بولۇپ، پۈتۈن غەيرەت ـ شىجائىتىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ئۇنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ، ئاللانىڭ سۆزلىرىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشقا، ئىسلام ھەققىتىنى تەشۋىق قىلىشقا ۋە ئىسلامىيەتنىڭ چاقىرىقلىرىنى



تونۇشتۇرۇشقا سەرپ قىلىشتى.

ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ كۆرسەتكەن ئەنە شۇنداق غەيرەت ـ شىجائەتلىرى نەتىجىسىدە، مۇقەددەس ئىسلام دىنى پۈتكۈل ئالەمگە نۇر چېچىپ، ھەقنى ناھەقتىن ۋە ناھەقنى ھەقتىن ئايرىپ، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى تامامى ئالەمگە ئاشكارا قىلدى. ئىتتىپاقلىق، ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئالەت ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ، جەبىر ـ زۇلۇم، ئىختىلاپ، ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە ئىلىمسىزلىك (جاھالەتلەر) زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. ئىسلامنىڭ ئابرۇيى ۋە ھەيۋىتىدىن ئۇنىڭغا خىلاپ ئىش قىلغۇچىلارمۇ ھەيرانلىق ھەم غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە قالدى. بۇ بولسىمۇ قۇرئان كەرىمدە كۆرسىتىلگەن، پەيغەمبىرىمىز ئەينەن يەتكۈزگەن ياخشى ئەمەللەرنىڭ نەتىجىسى ھەم خاسىيىتىدىدۇر. بىز نۆۋەتتە بۇ ياخشى ئەمەللەرنىڭ يوللىرىنى بايان قىلىشنى توغرا تاپتۇق. دىنى ئىسلامنىڭ يول باشچىسى قۇرئان كەرىمدە كۆرسىتىلگەن ياخشى ئەمەللەر مۇنۇلار: ئىخلاس يەنى ھەر ئىشنى جان ـ دىل بىلەن ئورۇنداش، تازىلىققا رىئايە قىلىش، ئىبادەت (ھەققە بويسۇنۇش)، ئىتتىپاقلىق، ئۇيۇشقاقلىق، نەسىھەت (ئەلگە مەرىپەت قىلماق)، دوستلۇق، ئىنساپ ۋە ئادالەت، كېڭشىش، دىلنى خىيانەت ۋە ئاداۋەتتىن پاك قىلىش، سېخىلىق، ئىسلاھ قىلىش (يېڭىلىققا يۈزلىنىش) روھى بولۇش، چىدامىلىق ۋە ئېغىر ـ بېسىق بولۇش، گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتكە ئىگە بولۇش، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە ياردەم بېرىش، ياخشى ئىشلارغا ئىنتىلىش، ئېھتىياتچان ۋە ئىشەنچلىك بولۇش، ئىلىم ئۆگىنىش ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىش، ئىنسانىي مۇناسىۋەتنى بىلدۈرۈش، باشقىلارغا

مەنپەئەت يەتكۈزۈش، كۆيۈمچانلىق، ساداقەت، كەڭ قوللۇق، ساخاۋەت، ياخشىلىق، تەدبىرچانلىق، راستچىللىق، ھەر ئىشنى توغرا يولىيورۇقتا بىنائەن قىلىش، ياخشى يولغا مېڭىش، يامان يولدىن قايتىش قاتارلىقلار. مانا بۇلار ئىسلامىيەتتە بۇيرۇلغان ياخشى ئەمەللەردۇر. ئۆتكەندە يۇقىرىدا ئېيتىلغان بارلىق ياخشى ئەمەللەر بارلىق ئەھلى ئىسلامغا ئۆزلىشىپ، ھەممە كىشى ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆلچىمى قىلغان، ئىشلار بولسا «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىپ» ۋە مۇنەۋۋەر پېشقەدەملەرنىڭ كۆرسەتمىسى ھەم يولىيورۇقى بويىچە بولغانىدى. غەلىبە ۋە يېتەكچىلىكمۇ ئەھلى ئىسلامنىڭ مەخسۇس نېسىۋىسى بولۇپ، «ئىززەت ـ ھۆرمەت ئاللاغا، پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۆئمىنلەرگە خاستۇر» دېگەن ئايەتنىڭ ھۆكۈمىگە مۇۋاپىق ئىش بولغانىدى. ئەمەلىيەت بىزگە قاچانكى ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلسا، ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا نۇقسان يېتىدىغانلىقىنى، ئىتتىپاقلىقنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى، ھورۇنلۇق ۋە بىكارچىلىق، زۇلۇم ۋە خىيانەتچىلىكنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىنى ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ سۇسلىشىدىغانلىقىنى پۈتكۈل ئەھلى ئىسلامنىڭ شۆھرىتى يوقىلىپ، خارۇ زارلىقتا يۈزلىنىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇتتى.

بۈگۈنكى كۈندە پېشۋالىرىمىزنىڭ ئەخلاق توغرىسىدىكى بايانلىرى ۋە ئەسەرلىرى ئېسىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ، خۇراپاتلىق (ئىلىمگە خىلاپ بۇزۇق ئىشلار) باش كۆتۈرمەكتە، ئىززەت ـ ئابرۇيلار قولدىن كەتمەكتە، ئەجنەبىيلەر يۇرتىمىزگە قول ئۇزاتماقتا. «ھەر قانداق ئەل ئۆز ئابرۇيىنى ئۆزى يوقاتمىغۇچە، ئاللا ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى



يوقاتمايدۇ» دېگەن ئايەتنىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى. ئىنساپ بىلەن ياخشى مۇلاھىزە قىلساق، بۇنداق يامان ئاقىۋەتكە ئۆز قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىمىز سەۋەبچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن بىز پەرىشانلىق ۋە خار ـ زارلىقتا، ئازاب ـ كۈلپەت، غەم ـ ئەندىشىگە گىرىپتار بولۇپ، پۇشايمان ۋە ھەسرەت ـ نادامەت چەكمەكتىمىز. ھازىر دېھقانچىلىق، سودا ـ سانائەت جەھەتلەردە باشقا مىللەتلەردىن بەكلا تۆۋەن تۇرماقتىمىز. كېلىڭ، ئەي قېرىنداشلار! ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيالىق بۇرادەرلەر! ئىسلامنىڭ ئىلگىرىكى تەرەققىياتىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلايلى! ھازىرقى تۆۋەن ھالىتىمىزنىڭ ئۆزىمىزدىكى ئۈمىدسىزلىك، ھورۇنلۇق ۋە جۇرئەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، ناچار ئەخلاقتىن يانايلى، «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى خالايىققا ئەينەن يەتكۈزىدىغان ئالىملىرىمىزنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ، ئۇلارغا ئۈمىد باغلايلى! ئالىملىرىمىزمۇ زىممىسىدىكى بۇرچىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ يەتسۇن، ئۇلۇغ پېشۋالىرىمىزنىڭ تەلىماتلىرىنى ھەر مەجلىس ۋە سورۇنلاردا بايان قىلسۇن. خەلق ئاممىسىغا ياخشى ـ ياماننى چۈشەندۈرۈپ، ئەخلاقىي، ئەقلىي تەربىيە بەرگەندىن تاشقىرى، زامانىۋى يېڭى يوللارنى كۆرسەتسۇن. چۈنكى ئالىملىرىمىز پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ ئىزباسارلىرىدۇر. شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز يېتىم ـ يېسىر، غېرىب ـ غۇرۋالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆشرە ـ زاكات، سەدىقە ـ ئېھسان ۋە ماددىي ياردەملىرىنى ئاجرىتىپ، قولىدىكى ئىقتىسادىنىڭ سەرپىياتىنى توغرا

باشقۇرسۇن، خەلققە ، شۇنداقلا ئەلگە خىزمەت قىلسۇن. ئەر ۋە ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەرزلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭغا دىققەت ـ ئېتىبارىمىزنى قوزغىشىمىز، خوتۇن ـ قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئېچىشىمىز لازىم. چۈنكى كىچىك بالىلار نادان ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى چاغدا، يامان ئىللەت ۋە بىلىمسىزلىككە گىرىپتار بولسا، كىچىكلىكىدە ئادەتلەنگەن ئۇ ئىشتىن قۇتۇلۇش ناھايىتى جاپالىقتۇر. ئەگەر ئانىسى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولسا، پەرزەنتىگە ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلۇر. بۇنداق بالىلارنىڭ چوڭ بولغاندا كامالەتكە يېتىشىمۇ ئاسان بولىدۇ. ھەدىستىمۇ ھەر بىر پەرزەنت تۇغۇلۇشتا ئەيىبسىز، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق دېگەن مەزمۇن بار. ھەممىمىز ئۆزىمىزنى تونۇيلى، كەلگۈسى ئىستىقبالىمىزنى ئويلايلى، بارلىق چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ خەلقىمىزنى ۋە مىللىتىمىزنى نادانلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرايلى. كۆپلىگەن يوقسۇل ۋە ئىگە چاقىسىز بالىلار ئاش ـ نان ۋە تۇرمۇشنى دەپ ئىلاجىسىزلىقتىن ئەقىدىسىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن خەۋىرى يوق، ئەجنەبىيلەرنىڭ مەكتەپلىرىدە (ئەينى يىللاردىكى قەشقەردىكى چەت ئەللىك دىن تارانقۇچىلارنىڭ مەكتەپلىرىنى دېمەكچى) ئوقۇپ، يامان ئاقىۋەتكە يولۇقماقتا. بىز ئىنسانلىق ۋە مۇسۇلمانلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن غەيرەتكە كېلىپ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش چارىسىنى ئىزدەيلى! بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىدۇر! جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم ـ



مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقىلار ئىلىم ـ مەرىپەت ساھەسىدە ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر! ھىلىھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار. ئاللانىڭ رەھمەت ۋە ئىنايەت خەزىنىسىنىڭ ئىشىكى دائىم ئوچۇقتۇر. دۇنيادا ئۈمىدسىزلىك بىلەن ياشاش توغرا ئەمەس. ئىنسان كىچىكىدىن تارتىپ ئىلىم ئۆگىنىشى ۋە كەسىپ (ھۈنەر ـ سەنئەت) بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەككى، ھەر قانداق ئىشنى ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا چىقىرىشنى ئاللا ئادەت قىلمىغاندۇر، بەلكى ھەر بىر ئىش تىرىشچانلىق ۋە ئىجتىھات بىلەن بەرپا بولىدۇ. ھەممە ئىشقا تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىش ئاللانىڭ يولىيورۇقىدۇر. «ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىغا لايىق نەتىجە باردۇر» دېگەن ئايەت بۇنىڭغا گۇۋاھ ـ ئىسپاتتۇر. سالام، ياخشى يولغا ماڭغان كىشىلەرگە!

مەيدان ھاياجان بىلەن يېنىك تەۋرىنىشكە باشلىدى. ماقالىدە جانلىق ئىبارىلەر بىلەن چۈشىنىشلىك قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەققانى پىكىرلەر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ روھى دولقۇنلىرىنى لەڭ ئاتقۇزىۋەتكەنىدى. ئادەملەر خۇشاللىقىدا بىر ـ بىرىگە يېقىنۋاشتىن كۈلۈمسىرەپ قاراشماقتا، بىر ـ بىرىنىڭ قوللىرىنى مەھكەم سىقىشماقتا، قۇچاقلاشماقتا... بەزىلەر ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلاشماقتا. بەزىلەر بولسا «داموللا

ئۆمىرلىرى ئۇزۇن بولسۇن، خۇدايىم دۆلەتلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن» دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا توۋلاشماقتا، يەنە بەزىلەر بولسا خۇشاللىقتىن ھاياجانلانماقتا. كېچىچە قايسى كوچا، قايسى مەيدانلارغا بېرىپ تاماشا قىلىش، قايسى ساماۋەرخانىلاردا كىملەر بىلەن ئۇچرىشىپ، چاي ئىچىپ ئولپەتلىشىش، قايسى باغ، قايسى مېھمانخانىلاردا مەشرەپ ئويناپ، ناخشىچى سەتەڭلەرنىڭ «يېقىملىق، خۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ كۆڭۈل ئېچىش، ئۇسسۇلچى «نازىنىن» لارنىڭ غىلجىڭلاشلىرى، شوخ ئويناق كۆزلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش، پىنىنەك چېكىش ياكى چاي بىلەن مەجئۇن كاپ ئېتىش، يەنە قانداقتۇر لەززەت بەخش ئېتىدىغان باشقا تاماشالاردا بولۇشتەك شېرىن خىياللار قويىنىدا خۇپپىيانە چوت سوقۇپ تەستە تاڭ ئاتقۇزغان ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەر بولسا توپنىڭ سىرتىدا ئۆڭى ئۆچكەن، كۆزلىرىدىن بولسا شۇملۇق ئۇچقۇنى چاقنىغان ھالەتتە تۇراتتى.

شەھەردە قەيەرگىلا بارسا ئادەملەر توپ - توپ بولۇپ غۇژمەكلىشىۋالغان، ھەممىلا جايدا تەشۋىقاتچى خەلپە - تالىپلار گېزىت قىلىپ چىقىرىلغان «نەسىھەتى ئامما» نى جاراڭلىق ئاۋازدا ئوقۇپ، كەڭ ئاممىغا چۈشەندۈرۈۋاتقان، سانجاق - سانجاق ئامما پۈتۈن زېھنى بىلەن روھىنى ئۇرغىتىدىغان شېرىن سۆزلەرنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقان، بەزىلەر تېخى كۆز يېشى قىلىپ يىغلاۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگىلى بولاتتى.

— قايماقتەك گەپلەر ئىكەن ئەمەسمۇ؟ باياتىن بېرى يېنىش - يېنىشلاپ ئاڭلىدىم. ئاڭلىسا يەنە داۋاملىق ئاڭلىغۇسى كېلىدۇ. توۋا، گەپ - سۆز دېگەنمۇ ئادەمگە



ئاجايىپ تەسىر قىلىدىكەن - جۇمۇ؟!

— ماڭا ھەممىدىن بەك تەسىر قىلغان گەپ قايسى دېمەملا؟ «ھەر قانداق ئەل ئۆز ئابرۇيىنى ئۆزى يوقاتمىغىچە، ئاللا ئۇنى يوقاتمايدۇ» دېگەن گەپ.

— ئۇ دېگەن قۇرئاندا بار بىر ئايەت.

— قۇرئاندا بار بولغان بىلەن ئىلگىرىكى ئۆلىمالىرىمىز مۇنداق ئېزىپ - ئىچۇرۇپ، سىڭىشلىك قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەرمەيتتى ئەمەسمۇ؟ «ھەممە ئىش خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، خۇدانىڭ ئىرادىسىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ» دەپ شۈكرى - قانائەت قىلىشقىلا ئۈندەپ، ئادەمنى موللا پوك - پوك قىلىپ قوياتتى.

— دېمىسىمۇ راست، ئابدۇقادىر داموللام بىزگە نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى خۇددى ئاياقتىكى ئاشتەك قىلىپ ئالدىمىزغا ئەكىلىپ بەردى. بۇنداق ئوبدان غىزانى كىممۇ مەززە قىلىپ يېيەلمىسۇن؟

— ئىلگىرى 20 - 30 يىل ئوقۇپمۇ بابى ئىستىنجادىن چىقالمايدىغان تالىپلار ھازىر بەش، ئالتە يىلدىلا موللا بولۇپ چىقىدىغان بولدى. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر بالىلىرىنى باشقا موللىلاردىن قايتۇرۇۋېلىپ داموللامدا ئوقۇتىمىز دەپ ئەكىلىپ بېرىشمەكتە ئىدى.

— ئىلگىرى 10 يىلدىمۇ موللا بولالمايتتى، شۇنداقمۇ؟

— ئىلگىرى دېگەن سەككىز، ئون يىلغىچە ئاخۇنۇمنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ، كەشىنى كۆتۈرەتتى. 15 يىلدىمۇ موللا بولالمايتتى.

— مانا ھازىر دەۋر ئۆزگەردى! ئابدۇقادىر داموللام بۇ قەشقەرنى باشقا بىر قەشقەرگە ئايلاندۇرۇۋەتتى، — جۇمۇ.

نەگىلا بارسا كىشىلەر ئەنە شۇ تەرىقىدە ئابدۇقادىر داموللامغا تەھسىن ئېيتىشاتتى. كىمنىڭ ئاغزىغا قارىسا ئىلىم ـ مەرىپەت، ئىسلاھات ـ تەرەققىيات توغرىسىدىكى سۆزلەر، مەدرىسەلەردىكى ئىسلاھات ۋە ئوقۇتۇش قىزغىنلىقى، يېتىمخانىلاردىكى بالىلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى گەپلەر. . . قەشقەردە ھەقىقەتەن يېڭىچە بىر كەيپىيات شەكىللەنمەكتە، قەشقەر خەلقى ئويغىناماقتا ئىدى. . . يېڭىچە كەيپىيات كەڭ ئامما جامائەتنى ئۆزگە مەپتۇن قىلىپ، ئۇلارغا يېڭى روھ بېغىشلاپ، ھوشىدىن كەتكەن ئادەمنى سۇ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈرگەنگە ئوخشاش، ھەممەيلەننى سەگەكلەشتۈرىۋەتكەنىدى، مەنىۋى جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى چۈشەپ كەلگەن كەڭ ئامما بىردىنلا بۇرۇلۇش ياساپ، خەلقپەرۋەر ئالىملىرى كۆرسىتىۋاتقان ساداقەت، ساخاۋەت، غەيرەت ـ جاسارەت ھەققىدە ئەركىن پاراڭلىشىپ، مۇنازىرە قىلىشماقتا. . .



# خىتاب

بەشئېرىق مەھەللىسى شەھەرنىڭ مەركىزى كوچىلىرىنىڭ بىرىگە جايلاشقانىدى. يېرىم ئەسىردىن بېرى، بۇ مەھەللىنىڭ داڭقىنى چىقىرىپ كېلىۋاتقان لايپەشتاق مەدرىسەسى بەشئېرىق مەھەللىسىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

مەدرىسە بۈگۈن باشقىچە جانلىنىپ كەتكەنىدى. مەدرىسەنىڭ ئىچى ـ تېشىدا ئادەملەر مىغىلدايتتى. ھويلىدا، تام ئۈستىدە، ئۆگزىلەردە ئەمگەك قايناپ كەتكەنىدى. بۈگۈنكى بۇ خالىس ئەمگەككە قاتنىشىپ ئىشلەۋاتقان ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن مەدرىسەنىڭ ئىچى ـ تېشى ھەيۋەت بىلەن گۈرۈلدەيتتى. ئاپئاق ساقال بوۋايلارمۇ، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان ياش بالىلارمۇ چامىسىنىڭ يېتىشىچە، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ئالدىراش ئىشلىمەكتە ئىدى. بىراۋلار كېسەك توشۇسا، بىراۋلار تىزغىنچە لاي كېچىپ لاي ئەتمەكتە، بىراۋلار زەمبىلدە لاي توشۇسا، بىراۋلار ئەندۇۋسىنى ئويىنتىپ سۇۋاقچىلىق قىلماقتا، بىراۋلار لايىنى كاكۇل قىلىپ پىشۇرۇپ، سۇۋاقچىلارغا سۇنۇپ بەرمەكتە ئىدى.

قېرى ـ ياش، چوڭ ـ كىچىك ھەممىسى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن بولسىمۇ، چىرايىدىن خۇشاللىق تېمىپ تۇراتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي، قايتىدىن ياسىلىشقا باشلىغان لايپەشتاق مەكتىپى پۈتۈپ، بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ كەڭ ۋە تېخىمۇ چىرايلىق بىر مەكتەپكە ئايلىنىدۇ. لايپەشتاق مەكتىپىنىڭ پۈتكەنلىك خەۋىرى شەھەر ۋە يېزا ـ قىشلاقلارنى لەرزىگە كەلتۈرىدۇ، بۇ قېتىمقى لەرزىگە لاي پەشتاق مەدرىسەسىدىن كۆرە ئۇنىڭدا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دەرس ئۆتمەكچى بولغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. كىشىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىنى بەس ـ بەس بىلەن لايپەشتاققا باشلاپ كېلىپ ئوقۇشقا تۇتۇپ بېرىدۇ.

بۇرۇنقى قاتمال ئوقۇتۇش تۈزۈمىدىن بىزار بولۇپ ئوقۇشتىن زېرىككەن بالىلار ئۆمرىنىڭ بىھۇدە زايە بولۇپ كەتكىنىگە ئېچىنىپ، لايپەشتاقتا ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق بىلەن ئوقۇشقا باشلايدۇ. ئۇلار ھېلى كەررە يادلىسا، ھېلى ھېساب ئىشلەيتتى، ھېلى شېئىر دېكلاماتسىيە قىلسا، ھېلى بەدەن چېنىقتۇراتتى. . . ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتىكى بۇ كۆڭۈللۈك كەيپىياتتىن قەۋەت خۇش ئىدى، ئاتا ـ ئانىلار مەكتەپتىكى جۇشقۇن كەيپىياتتىن مەمنۇن بولۇپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشاتتى، ئابدۇقادىر داموللىغا ئاپىرىن ئوقۇشاتتى...

قېرىنداشلار تۇر ئەمدى،
پۈتۈن جاھان ئويغاندى.
قۇتۇلۇشقا قوللۇقتىن،
مەردۇ مەردان ئويغاندى.
پۈتۈن جاھان ئويغاندى،
پۈتۈن ئىنسان ئويغاندى،



«ياتمايمىز» دەپ غەپلەتتە،
يەر ۋە ئاسمان ئويغاندى.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئۆزى يېزىپ بالىلارغا يېڭىلا ئۆگەتكەن بۇ شېئىر لايپەشتاقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ مارشى سۈپىتىدە مەكتەپ ئاسمىنىدا كۈندە نەچچە قېتىم ياڭراپ تۇراتتى.

ئابدۇقادىر داموللام مەكتەپتىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قاتارلىق بىرقانچە كىشىگە تاپشۇرغان بولسىمۇ، يەنە ئۆزى كۈندە دېگۈدەك كېلىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇراتتى.

— ھەر بىرىڭلار بىردىن پەھلىۋان، بىردىن پەرىشتە، ياخشى ئوقۇڭلار! ئوقۇپ چوڭ بولغاندا ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىڭلار!، — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە سالام بېرىپ گۈررىدە ئورنىدىن تۇرغان بالىلارغا مېھرىۋانلىق بىلەن تەكشى نەزەر تاشلاپ.

— لەببەي، ئۇستاز! — دەيتتى بالىلارمۇ تەڭلا ئۈنلۈك ئاۋازدا.

بۇنداق چاغلاردا بالىلارنىڭ بىردەك ۋارقىرىغان ئاۋازى دەرسخانا ئۆگزىسىنى كۆتۈرۈۋەتكىلى قىل قالاتتى.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ھەر كۈنى دېگۈدەك ياشتا چوڭ ئوقۇغۇچىلاردىن بىر نەچچىنى مەدرىسەگە ئىئانە توپلاپ كېلىشكە ئەۋەتىپ تۇراتتى. ئۇلار مەدرىسە دەرۋازىسىدىن پۇت ئالدىمۇ بولدى، ئاساسەن قۇرۇق قول قايتمايتتى.

— بۇ دۇنيا ئەھلى ھىممەتلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلەن خويمۇ چىرايلىقتۇر، — دەيتتى ئابدۇقادىرى داموللام ئىئانە

توپلاش ئىشلىرىدىكى ئىلگىرىلەشلەردىن رازى بولغان هالدا، — ئەهلى ھىممەت كۆپ بولغاچقىلا تارىخ قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا، قالاقلىقتىن مەدەنىيەتكە، قاباھەتتىن گۈزەللىككە قاراپ تەرەققى قىلغان. ھىممەتلىك ئىنسانلارنىڭ ئىشچان قوللىرى بۈگۈنكىدەك ئەۋزەل دۇنيانى ياراتقان.

ئابدۇقادىر داموللام يېڭىچە كۆز قاراشتىكى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش مەقسىتىدە بايلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ۋە ھىممىتى بىلەن 52 نەپەر ياشنى گېرمانىيە، فرانسىيە، تۈركىيە، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا چىقىرىدۇ. ئابدۇقادىر سامانى، چىڭگىزخان داموللام، ئابدۇۋايىت ئاخۇنغا ئوخشاشلار قەشقەر بايلىرىدىن ئوبۇلھەسەن ھاجى، ئۆمەربايلارنىڭ ياردىمى بىلەن فرانسىيىگە بېرىپ ئوقۇپ كەلگەنىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن شەمشىددىن داموللام، ئابدۇلباقى داموللام، ھاشىم ئاخۇن خەلپىتىم، ئابدۇلئەزىز داموللام، سالىھ داموللام، ئىنايەتخان مەخسۇم، جامال ئاخۇن خەلپىتىم، سالى ئەلەمئاخۇنۇم (يەكەنلىك)، ھېلىمىدىن ئاخۇنۇم (يەكەنلىك)، مۇھەممەت ئابدۇللاخان (يەكەنلىك)، ئابدۇللا قازىھاجىم (يەكەنلىك)، ئىسرايىل داموللام (پوسكاملىق)، ئېلى ئاخۇن خەلپىتىم (كۇچالىق)، ئابدۇجېلىل داموللام (گۇمىلىق)، مۇسەييىپ ئاخۇن خەلپىتىم (كۇچالىق)، ئابدۇللا داموللام (تۇرپانلىق، تەخەللۇسى — «نەئىمى») قاتارلىقلار 30 ـ يىللاردىن باشلاپ، قەشقەر مائارىپىنىڭ داڭلىق پېشىۋالىرى، ئابدۇقادىر داموللام تەشەببۇس قىلغان يېڭىچە مائارىپنىڭ قوللىغۇچىلىرى ۋە ۋارىسلىرى بولۇپ قالدى. يەكەنلىك ھېلىمىدىن ئاخۇنۇم يەكەن ئالتۇنلۇقتىكى كونا خانلىق مەدرىسە ئورنىغا، ئابدۇللا قازىھاجىم يەكەن ئېلىشقۇغا، مۇھەممەت ئابدۇللاخان خوجام يەكەن شەھەر ئىچى مانجۇ كۆل بېشىدىكى ئىمىنبەگ ھويلىسىغا ئاچقان مەكتەپلەر ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەشەببۇسى ۋە تەسىرى بىلەن ئېچىلغان يېڭىچە مەكتەپلەر ئىدى. بۇ كۈنلەردە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ كۆڭلىنى يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇشتىكى يېڭى - يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قانچىلىك خوش قىلسا، شۇ‌ئېد دىن تارانقۇچىلىرىنىڭ نادان خەلقنى ئالداپ، دىن تارقىتىپ ئەقىدە ئوغرىلاشلىرى شۇنچىلىك غەش قىلاتتى.

ئەنگلىيە، شۋېتسىيە دىن تارانقۇچىلىرى قەشقەردە ئۆز ئالدىغا مەكتەپ، دوختۇرخانىلارنى ئېچىپ، يېتىم - يېسىرلارنى، كەمبەغەل، نامراتلارنىڭ بالىلىرىنى ئالداپ كاتولىك دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. ئۇلار ھەدەپ ئۆز مەتبەئەخانىسىدىن پايدىلىنىپ «ئىنجىل» نى كۆپەيتىپ بېسىپ، كاتولىك دىنى ھەققىدىكى تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ، دىنىي سېڭىپ كىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. بۇ ئىشلار ئابدۇقادىر داموللامنى چوڭقۇر ئويغا سالغانىدى. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن قەشقەردىكى ھەممە ئادەم نارازى ئىدى. بۇ ئىش قەشقەردە ھەممىيلەن جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىغا ئايلانغانىدى. ئەۋلادلىرىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىدىن قاتتىق ئەنسىرىگەن قەشقەر ئۆلىمالىرى، مۆتىۋەرلىرى، تەرەققىپەرۋەر كىشىلەر ۋە شەھەر خەلقى

موللا ـ ئۆلىمالارنىڭ تېزدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ خرىستىئان دىنىنىڭ سىڭىپ كىرىش قىلمىشىنى توسۇشنى جىددى ئۈمىد قىلىشۋاتاتتى.

— بىز بۇ خەقنىڭ دەردىدە كۆن كۆرەمدۇق، كۆرمەمدۇق! بۇ خەق نە ـ نەلەردىن كېلىپ تۇزىمىزنى يەپ، تۇزلۇقىمىزغا چىقىپ، مېۋە ـ چېۋىلىرىمىزنى يەپ قورسىقى تويغاندىن كېيىن شىلىلىمىزگەمىنىۋېلىپ، بىزنى بوزەك قىلماقتا، باللىرىمىزنى ئالداپ كېتىۋاتماقتا، — دەيتتى ئابدۇقادىر داموللامغا يېقىنلىرى دەرد تۆكۈپ.

شۋېد دىن تارانقۇچىلىرىمۇ يەنە ئۆز يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «يۇسۇپ شۋېد»، «ھەسەن شۋېد» دېگەندەك بىر نەچچە ئۇيغۇرنى سېتىۋېلىپ، شۇلار ئارقىلىق دىن تارقىتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ شىپاخانا ئېچىپ خەلقنى ھەقسىز داۋالايمىز دېگىنى ئەمەلىيەتتە دىن تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان قىپقىزىل ئالدامچىلىق ئىدى. ئۇلار ھەربىر كېسەل كۆرسەتكۈچىگە بىردىن ئۇيغۇرچە ئىنجىل تارقىتىپ بېرەتتى. قەشقەردە كىچىك باللار ئارىسىدا:

بىز نوچى يىگىت،
ئېيتىمىز بېيىت.
يوقال بۇ يۇرتتىن،
ئېنگلىز، شۋېد .

دېگەن قوشاق كەڭ تارقىلىپ كەتكەنىدى.

باللار توقۇغان بۇ قوشاقلار دەۋرنىڭ ئەينەن ئىنكاسى ئىدى. شۋېدلارنىڭ دىن تارقىتىشىغا چوڭلار ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كىچىك باللارمۇ چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ



بولۇپ كەتكەنىدى.

ئابدۇقادىر داموللام كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ مىللى خورلۇقتىن زەردىگۈش بولۇپ ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئاچچىق خىياللارغا غەرق بولاتتى. خىيال دېڭىزىدا زەرداب يۇتقانچە ھېلى ئۇ قىرغاققا، ھېلى بۇ قىرغاققا سوقۇلاتتى. . . «خۇدايىم توۋا، — دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە قايناپ ـ قايناپ خىتاب قىلىپ، — شۋېدلارغۇ مەيلى، ئۇلار يات ئادەملەر، بالا كەلسە قېرىنداشتىن، دەپ ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىشىنى كۆرمەمدىغان! ئۇلاردىكى ئار ـ نومۇس، قېرىنداشلىق تۇيغۇسى قېنى؟ . . . »

— بۇ نېمە دېگەن دەھشەت سۈيىقەست! — يۇرت غېمى، خەلقنىڭ غېمى داموللىنى قايغۇغا سالاتتى. . . «بىزگە ھېچقانداق پايدىسى تەگمەيدىغان چەت ئەل دىن تارقاتقۇچىلىرى نېمىسگە نېمە يەتمەي، شۇنچە يىراق جايلاردىن كېلىپ بىزگە سىڭمەيدىغان كۆزقاراشلارنى زورلاپ تاڭىدىغاندۇ؟

— بۇ ۋەتەنىنىڭ، خەلقنىڭ ئىستىقبالىغا بىرىپ تاقىلىدىغان چوڭ خەۋپ! ھۆكۈمەت نېمىشقا ئۇلارنى چەكلىمەيدىغاندۇ؟ — دەيدۇ. بىر كۈنى ئابدۇقادىر داموللام لاپەشتاق مەدرىسەسىدە باللارغا ئىچ ـ باغرىنى تۆكۈپ، — ئاپەتنى چەكلەش ھەر بىر ۋەتەن ئوغلىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى. ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر. بىز بۇ ئىشقا جىددى چارە ـ تەدبىر قوللانمىساق بولمايدۇ. . .

تالىپلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى مەدرىسەنى زىلزىلىگە سالىدۇ:

— ئۇستاز، بىز ھەممىگە تەييار!

ئۆز نەپسىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان قورقۇنچاق ئۆلىمالار باشقىچە پىكىردە ئىدى:

— ئىنگلىز، شۋېدلارغا تىل تەگكۈزسەك يامان بولىدۇ. ئۇلار دېگەن بىزگە مېهمان. بىز مۇسۇلمانلار مېهمانلارنى قەدىرلەيمىز، ھۆرمەتلەيمىز. ئۇلار بىزگە ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدى.

— ئىنگلىز، شۋېدلار بىزگە قانداق مېهمان بولۇپ قالدى؟ — دەپ قايناپ كەتتى ئابدۇقادىر داموللام ئۇلارنىڭ پىكرىنى كەسكىن رەت قىلىپ، — ئۇلارنى كىم چىللاپ كەپتۇ؟ ئۇلار مېهمان ئەمەس! ئەكسىچە، ئۆيىمىزگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئوغرىلاردۇر. ئەجەبا ئۆيگە كىرگەن ئوغرىغا مېهمان سۈپىتىدە قۇچاق ئاچىدىغان لامزەللىك بىزگە ياقامدۇ؟ ئەقىدە ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بايلىق. ئەقىدە - ئېتىقادىنى يوقىتىپ قويغان ئادەم ھايۋاندىنمۇ بەتتەردۇر. ئېتىقادىمىزغا چۈشكەن بۇ ئوغرىلار مېنىڭچە دۇنيادىكى ئوغرىلارنىڭ ئەڭ يامىنى. بۇ ئوغرىلاردىن ھەسسىلەپ سەزگۈرلۈك بىلەن پەخەس بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. قېرىنداشلار! بىز ئوبدان ئويلاپ كۆرەيلى، قېرىنداشلار، ھازىرمۇ كۆزىمىزنى ئاچساق، ئىتتىپاقلاشساق، پەلەكنىڭ چاقىنى ئوڭغا بۇراپ، ئىستىقبالىمىزنى يورۇتۇشقا كىچىككەمەيمىز. خۇدا ھەممىمىزگە غەيرەت - شىجائەت ئاتا قىلسۇن!

ئابدۇقادىر داموللام شۋېد دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ دىن تارقىتىش مەسىلىسىگە قارىتا كەسكىن تەدبىر قوللىنىش ئۈچۈن قۇمدەرۋازا سۈت - قايماق كوچىسىلىق ئىمىن خەلپەت ھاجىم، خەزىنىچىبەگ مەھەللىلىك ياقۇپ ھاجىم،



باغ كوچىلىق مەتنىياز خەلپىتىم، ئوردا ئالدىلىق مامۇت ھاجىم، مەنسۇر ھىدايەت. . . قاتارلىق شەھەر مۆتىۋەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ شۋېد دوختۇرخانىسىنى تاقاتقۇزۇۋەتمەكچى، شۋېدلارنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقارماقچى بولۇشىدۇ. نەتىجىدە، قەشقەر شەرئىي مەھكىمىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇپتىسى ئوردا ئالدىلىق مامۇت ھاجىم بۇ ئىش توغرۇلۇق قۇرئان ۋە ھەدىستىن ئاساس كەلتۈرۈپ پەتىۋا يازىدۇ، ئابدۇقادىر داموللام شەرئىي مەھكىمىنىڭ قازى رەئىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پەتىۋاغا مۆھۈر باسىدۇ. پەتىۋا قولدا كۆچۈرۈلۈپ، شەھەر ئىچىدىكى ھەممە چوڭ - كىچىك مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرگە تارقىتىلىدۇ.

تاڭ ئېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قۇياش ئۇپۇقتا ناز بىلەن كۆز قىسىپ كۆتۈرۈلىدۇ. تالقان تۆكتى كۆز پەسلىنىڭ بىر ئەتىگىنىدە لايپەشتاق مەدرىسەسىدە ئوقۇش توختاپ قالىدۇ. مەدرىسەگە يىغىلغانلار قانداقتۇر جەڭگە ئاتلىنىشقا تەييار بولغان ئەسكەرلەردەك جىددىي تەييارلىق ئۈستىدە پلاكات يېزىۋاتاتتى. بىر ئوقۇغۇچى يېزىۋاتقان ھۆسنىخەتنى قارا سىياھ بىلەن بوياۋاتاتتى. خەتنىڭ يېزىلىشى ۋە بويىلىشىغا بىر توپ باللار غۇجمەكلىشىپ قاراپ تۇراتتى. سۇپىنىڭ لېۋىدە يەنە بىر نەچچە ئوقۇغۇچى ئۆتكۈر پىچاق بىلەن پلاكات دەستىلىرىنى ئاقلاۋاتاتتى. يەنە بىر نەچچە ئوقۇغۇچى بولسا قول بىلەن يېزىلغان تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى رەتلەۋاتاتتى. مەدرىسە ئىچىگە بىر مۇنچە مويسىپىتلار، ئۇششاق باللار، ياشلار يىغىلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار قانداقتۇر بىر مەسىلە ئۈستىدە قىزغىنلىق بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ ئاپتاپتا قارايغان يۈزىدىن قورقماسلىق، باتۇرلۇق، شىجائەت ۋە ئىپتىخارلىنىش نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

يەتتە - سەككىز ياشلار چامىسىدىكى ئىككى - ئۈچ بالا سىرتتىن مەدرىسە ئىچىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ۋاقىرايدۇ:

— كەلدى، توقام مەدرىسەسىدىكىلەر كەلدى.

بۇ سۆز بىلەن تەڭ ھويلا ئىچىدىكى تالىپلار دەرۋازا تەرەپكە قارىشىدۇ. ھويلا دەرۋازىسىدىن كۆكرىكىگە كالامىشىرىپ ئاسقان بىر توپ ئوقۇغۇچىلار كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلار يالغۇز توقام مەدرىسەسىدىن كەلگەنلەر بولۇپلا قالماستىن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقا مەدرىسەدىن كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار مەدرىسە دەرۋازىسىدىن كىرىپ ھويلا ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا خۇددى سۇغا سۇ قوشقاندەك قوشۇلۇپ كېتىدۇ، سەينا ئىچى ئادەمگە لىق تولىدۇ. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدە مەدرىسە ئىچى گويا تومنى ئېچىۋەتسە تېشىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئامبار سۇيىدەك چىڭقىلىپ كەتكەنىدى. پەتىۋادىن خەۋەر تاپقان خەلق لايپەشتاققا ئەنە شۇ تەرىزدە ئۆزلۈكىدىن يىغىلىپ قالىدۇ، يىغىلغانلار ئابدۇقادىر داموللامنى ئۇزاق ساقلايدۇ. ئۇلار نامايىشنى تېزرەك باشلىغۇسى كېلىپ، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ تۇرالماي قېلىشىدۇ.

ھايال ئۆتمەي، ئابدۇقادىر داموللام مامۇت ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم، ئىمىن خەلپەت ھاجىم، مەتنىياز خەلپىتىم، جامال ئاخۇن خەلپىتىم، زۇنۇن ھاجىم، مەمتىلاجى شاڭخەي، ئىنايەتخان مەخسۇم قاتارلىق موللا - ئۆلىمالارنى ئەگەشتۇرۇپ يېتىپ كېلىدۇ. نامايىشقا تەييارلانغان



ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت قوشۇلىدۇ. ئۇلار مۇنچە كۆپ يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە قېتىلىپ نامايىشقا چىقىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىگەنىدى.

ئابدۇقادىر داموللام بىر دەم نامايىش قىلىش جەريانىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار توغرۇلۇق ۋەزخانلىق قىلغاندىن كېيىن، نامايىشچىلار قوشۇننى سەپراس قىلىپ، يىلاندەك ئۇزۇن سوزۇلغان بىر سەپنى باشلاپ دەرۋازىدىن چوڭ كوچىغا چىقىدۇ.

پلاكاتلار ھاۋاغا كۆتۈرۈلىدۇ.

«روھى قۇللۇقنى پاچاقلاپ تاشلايلى!»، «شۆھبدلار يۇرتىمىزدىن كەتسۇن!»، «ئەنگلىيىلىكلەر يوقالسۇن!»، «ئەجنەبىيلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيلى!» دېگەن خەتلەر چوڭ - چوڭ قىلىپ يېزىلغان پلاكاتلار ئوچۇق ھاۋادا جۇلالىنىپ تۇراتتى.

— ساۋاقداشلار، يارەنلەر! — دېدى ئېگىز بوي قارا ساقاللىق بىر تالىپ، — بىز ھازىر كوچىغا چىقىپ نامايىش باشلايمىز، ماڭغاندا سەپ بۇزۇلمىسۇن، ئاۋازىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرەيلى.

— لەببەي! — دېيىشتى ئوقۇغۇچىلار تەڭلا ۋاقىراپ.

قەشقەر شەھىرىدە چەت ئەل مۇخالىپەتچىلىرىگە قارشى تۇنجى قېتىم كۆتۈرۈلگەن بۇ نامايىش ئۆز ھەيۋىتى ۋە تەسىرى بىلەن پۈتۈن شەھەرنى لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى. كوچا ياقىسىدىكى سانجاق - سانجاق ئادەملەر ئوچۇق ھاۋادا لەپىلدەپ، كۈن نۇرىدا چاقناپ تۇرغان پلاكاتتىكى شوئارلارغا قاراپ چەكسىز ھاياجانلىناتتى. بېشىغا ئاق سەللە ئوراپ، ئۈچىسىغا ئاق يەكتەك كىيگەن ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى ھەيۋەت

بىلەن ئىلگىرىلەيتتى. نامايىشچىلار قوشۇنى ھېيتگاھ مەيدانىغا كەلگۈچە يەنە نۇرغۇنلىغان كىشى قوشۇلىدۇ، نامايىشچىلار قوشۇنى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە ئىدى. نامايىشچى ئوقۇغۇچىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ باتۇر روھىغا قاراپ تۇرغان بەزى كىشىلەر تەسىرلىنىپ ئىسسىق كۆز يېشىنى تۆكمەكتە، يەنە بىراۋلار ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكتە ئىدى. نامايىشچىلار قوشۇنىغا قاراپ تۇرغان ئامما ئارىسىدا تۇرلۇك غۇلغۇلا بولۇۋاتاتتى:

— ئەجەپ ئوبدان ئىش بوپتۇ!

— خۇدايىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپتۇ!

— دىن ئوغرىسى پەرەڭلەرنى قوغلىۋەتسۇن!

— ھەي، بىز مۇسۇلمان خەق تۇخۇمنى تاشقا ئۇرۇشقا ئامراق خەق جۇمۇ، ئۇلارغا قانداق كۈچىمىز يەتسۇن؟

نامايىشچى ئامما ئۈستەڭ بويلاپ مېڭىپ قۇمدەرۋازىدىن چىقىدۇ، ئاممىنىڭ كۆپلۈكىدە شەھەر دەرۋازىسى تارلىق قىلىدۇ. نامايىشچى ئامما خۇددى كەلكۈندەك گۈركىرەپ غەربكە بۇرۇلۇپ سانجاستىكى «بەيتى خۇدا» دەپ ئاتالغان شۋېد دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ ئۇۋىسىغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. قوزغۇنلارنىڭ ئۇۋىسىغا يېقىنلاشقانسېرى ئاممىنىڭ غەزىپى تاشماقتا ئىدى. ئۇلار يول بويىدا تۇرغان شەھەر ئاھالىسىغا قولىدىكى تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى تارقاتقاچ شوئار توۋلىماقتا ئىدى، مىڭلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ قەھرى ـ غەزەپكە تولغان ئاۋازى ھەيۋەتلىك گۈركىرەپ يەر ـ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى. گويا ئۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك ساداسى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قەشقەر ئاسمىنىنى قاپلاپ



كېلىۋاتقان ئەجنەبىيلەردىن قورقۇشتەك مەنىۋى تومانلارنى بۆسۈپ تاشلاپ، ھەممىلا ئادەمنى ئەجنەبىيلەردىن قورقمايدىغان غەيرەت ـ شىجائەتكە ئاتلاندۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى. سەپ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئېگىز بوي، قارا ساقاللىق بىر ئوقۇغۇچى مۇشتىنى كۆتۈرۈپ غەزەپ بىلەن شوئار توۋلىماقتا، قالغان ئوقۇغۇچىلار بولسا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ۋاقىرىماقتا ئىدى:

— شۋېدلار يۇرتىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن! ئەجنەبىيلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيلى! چەت ئەل دىن تارقاتقۇچىلىرى چىقىپ كەتسۇن!

مىڭلىغان خەلق گويا سەلدەك «بەيتى خۇدا» دەپ ئاتالغان، شۋېدلارنىڭ قۇمدەرۋازىدىكى ۋاكالەتخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىدۇ. پەتىۋاغا ئاساسەن دوختۇرخانىنى پېچەتلىمەكچى بولغاندا شۋېدلار قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، غەزەپلەنگەن ئامما ۋاكالەتخانا ئىچىدىكى ئۆي – ئۆيلەرگە كىرىپ دىن تەشۋىقات ماتېرىياللىرىنى، «ئىنجىل» نىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرىنى كۆيدۈرىدۇ، مەتبەئە ئۈسكۈنىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ. بۇ چاغدا «بەيتى خۇدا» ۋە شىپاخانىدىكىلەر ئاللىقاچان قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋېتىشكەن بولسىمۇ، بىراق باسما ماشىنىسى، ئىنجىل ۋە دورا قاتارلىق نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. نامايىشچى ئامما دىن تارقاتقۇچىلار ئېلىپ كەلگەن قۇچاق ـ قۇچاق كىتابلارنى بوشلۇققا ئېلىپ چىقىپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ.

شىپاخانا قۇرۇپ، ئەقىدە ئوغرىلاپ، ھەقسىز داۋالاش باھانىسى بىلەن يولسىزلىق قىلىۋاتقان شۋېد دىن

تارقاتقۇچىلىرىغا خەلقنىڭ ھەقىقەتەن غەزىپى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار:

— كۆيدۈرۈڭلار! يوق قىلىڭلار! قەست قىلغاننى پەس قىل! جاجىسىنى مۇشۇنداق بېرىش كېرەك! — دەپ ۋاقىرىشاتتى.

باسما ماشىنىسى جايلاشتۇرۇلغان ئۆيدىن تاراق - تۇرۇق، جاراڭ - جۇرۇڭ قىلغان ئاۋازلار قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۈدەك ئاڭلىناتتى. ئۇ يەردە بىر توپ ئوقۇغۇچى باسما ماشىنىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىپ بۇزۇپ تاشلىماقتا ئىدى. «ئەقىدىلىرىمىزگە خىلاپ ۋەرەقىلەرنى باسىدىغان باسما ماشىنىسىنى مۇشۇنداق پاچاقلاپ تاشلاش كېرەك!» دەپ توۋلىشاتتى. سىرتتا بولسا كۆيۈۋاتقان بىرنەچچە توپ كىتابلارغا قاراپ ئۇششاق باللار گۈلخان ئەتراپىدا چاۋاك چېلىپ سەكرىشەتتى، مىڭلىغان خەلق كۆيۈۋاتقان كىتابقا قاراپ تۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن غەلىبە تەنتەنىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

بىراق، قېنى قىزىپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلار ماشاۋۇۋۇنىڭ مەھكىمىسىگە قاراپ ماڭغاندا باستۇرۇلدۇ!...



## قەشقەردە ماتەم

ئابدۇقادىر داموللام ھەقىقەتەن يۈرەكلىك زات ئىدى. ئۇنىڭ شېھىد دىن تاراتقۇچىلىرىغا قارشى نامايىشنى تەشكىللەش جەريانىدىكى ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماسلىق روھى شېھىدلارنىلا ئەمەس، بەلكى قەشقەردىكى ھۆكۈمرانلارنى ۋە چەت ئەل كونسۇللىرىنىمۇ ساراسىمىگە سېلىۋېتىدۇ. ئابدۇقادىر دامولامنىڭ جاسارىتىدىن ئەقىدە ئوغرىلىرىغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسى قاتتىق تەسىرلىنىدۇ، ئۇلار قەشقەردە ئابدۇقادىر دامولامدەك باتۇر ئەزىمەتلىرىنىڭ بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ باشپاناھى دەپ بىلىدۇ. ئابدۇقادىر دامولام قەشقەر خەلقىنىڭ داھىيسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەمما يەرلىك ئەمەلدارلار، بىر قىسىم موللا، قازى - قۇززات، ئىشان، بايلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قارشىلىقى بارغانسېرى شىددەتلىك تۈس ئېلىۋاتاتتى، ئۇلار ئابدۇقادىر دامولامنىڭ «سىڭگەن ئۇمىچنى ئىچمەي، يوق ئىشتىن بىرنى پەيدا قىلىپ ئۆزلىرىگە باش ئاغرىقى تېپىپ بەرگىنى» گە قاتتىق خاپا بولۇشىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇچۇن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي پاراغىتى مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى، ئۇلار ھەر قانداق ئىشنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا باھا بېرىشتە ئۆزلىرىنىڭ قورساقباقتىلىقىنى ئۆلچەم قىلاتتى.

نامايىش كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ ئەتىسىلا قەشقەر دوتىيى ئابدۇقادىر داموللام، مامۇت ھاجىم، ياقۇپ ھاجىم باشلىق 30 غا يېقىن كىشىنى 40 كۈن ھەپسىگە سولاپ قويىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام ھەپسىدىن چىققۇچە ئۇلار چەت ئەللىكلەرگە مەسلىھەت بېرىپ ۋە ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، سۇيىقەست پىلانلاپ، مىلادىيە 1924 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى (سەيشەنبە) كېچىدە ئابدۇقادىر داموللامنى ياللانغان قاتىل ئارقىلىق ئۆز ئۆيىدە مەخپىي ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ.

بۇ مۇدھىش ۋەقە بازار ـ رەستىلەردە چىلگە قوغۇننىڭ پۇراقلىرى دىماقلارغا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسىدە يۈز بېرىدۇ. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ بالا ـ چاقلىرى نەچچە كۈن ئىلگىرى ئاتۇشقا خامان ئالغىلى چىقىپ كەتكەن، ئۆيدە داموللامغا ھەمراھ بولۇپ داموللامنىڭ شاگىرتى باقى ئاخۇنلا قالغانىدى. داموللام خۇپتەنگىچە كىتاب ئوقۇپ ئولتۇردى. بۇ چاغدا ئۇيقۇسى قاتتىق باقى ئاخۇن ئاللىبۇرۇن خورەك تارتىپ ئۇيقىغا كەتكەن، داموللام خېلىغىچە پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ كىتاب ئوقۇغان بولغاچقا، باقى ئاخۇننىڭ تورۇسنى ئۆرۈۋەتكۇدەك تارتقان خورەك ئاۋازلىرىنىمۇ سەزمەيدۇ. داموللام كۆزلىرى تېلىپ كىتاب ئوقۇغۇدەك ھەپسىلىسى قالمىغاندىلا، ئاندىن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ بېشىنى كۆتۈرىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا، ئاندىن يان ئۆيدىن ئاڭلانغان باقى ئاخۇننىڭ خورەك ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. «ئەسىر ـ ئەسىرلەپ بۇخارا ئۇيقۇسىغا كەتكەنلەرگە نېمانچە ئوخشايسەن ـ ھە، باقى!» دەيدۇ داموللام ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ. ئاندىن ياتاق ئۆيگە



كىرىپ باقى ئاخۇن ئۆزىگە ئاتاپ راسلاپ بەرگەن يۇمشاق ئورۇنغا كىرىپ، ھارغىنلىق تۈپەيلى بەخىرامان ئۇيقىغا كېتىدۇ. باقى ئاخۇنمۇ، داموللاممۇ دەرۋازا تاقالغۇچە بولغان ئارىلىقتا بىر قارا كۆلەڭگۈنىڭ ئاتخانىغا پەم بىلەن كىرىپ مۆكۈنۈۋالغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ.

بۇ ياللانغان قاتىلغا داموللامنىڭ ھەر كېچىسى بىر قېتىم تاھارەت سۇندۇرۇشقا چىقىدىغانلىقى بەش قولدەك ئايانىدى. ئۇ داموللامنىڭ تاھارەت سۇندۇرغىلى چىقىپ كېلىشىنى ھەم ساراسىمىگە چۈشكەن، ھەم تاقىتى تاق بولغان ھالدا كۈتمەكتە ئىدى.

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، داموللام ياتقان ياتاق ئۆيدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىدۇ، قاتىل باشقىدىن جىددىيلىشىدۇ. داموللام مېھمانخانىدىن چىقىپ ئارا ئىشىكنى ئېچىپ، ھېچنېمىنى تۇيمىغان ھالدا ھاجەتخانىغا كىرىپ كېتىدۇ. دەل مۇشۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇرغان قاتىل ئاتخانىدىن چاقماق تېزلىكىدە ئېتىلىپ چىقىدۇ ـ دە، مېھمانخانىنىڭ دەھلىزىگە ئۆزىنى ئاتىدۇ. داموللام قاتىلنىڭ دەھلىزىدە ئوغرىلىقچە يوشۇرۇنۇپ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ تاھارەتتىن بوشانغان داموللام ئارا ئىشىكنى تاقاپ، دەھلىزگە قەدەم باسقان ھامان قاتىل يوشۇرۇنغان يېرىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ، داموللامنىڭ كەينىدىن كېلىپ، بىقىنىغا پىچاق سانجىيدۇ. ئۇيقىسىراپ تۇرغان داموللام پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ كېتىۋاتقان دەھشەتلىك ئاغرىقنى ھېس قىلىپ، بىردىنلا قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك بولىدۇ. داموللام بىقىنىنى تۇتقان ھالدا كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— ھايۋان! — دەپ توۋلايدۇ قاتىلغا ئېتىلىپ بېرىپ.

كۆزلىرىگە قان تولغان قاتىل داموللامغا تېخىمۇ غالجىرلىق
بىلەن پىچاق سانجىيدۇ. ئارقا - ئارقىدىن تەگكەن پىچاق
زەربىسىدە داموللام گۇپ قىلىپ يەرگە يىقىلىدۇ - دە،
هوشىدىن كېتىدۇ. قاتتىق ئۇيقىغا كەتكەن باقى ئاخۇن يەنە
بىر ئۆيدە خورەكتىن قالغان بولسىمۇ، ئوت -
چۆپ چاينىۋاتقان كالىدەك پۇشۇلداپ بەخىرامان ئۇخلىماقتا
ئىدى. داموللامنىڭ هوشىدىن كەتكىنىنى كۆرگەن قاتىل
مۇرادىغا يەتكەنلىكىنى هېس قىلىپ تالاغا قاراپ بەدەر
تىكىۋېتىدۇ.

باقى غەرق ئۇيقىدا ئىدى. ئىسسىق قان ئىچىدە ئىڭراپ
ياتقان داموللامنىڭ هالىدىن خەۋەر ئالىدىغان كىم بار؟ تاڭغا
يېقىن ئۆگزىگە تاهارەتكە چىققان قوشنىسى داموللامنىڭ جان
ئاچچىقىدا خارقىرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، باقى
ئاخۇننى جان - جەهلى بىلەن تۇۋلاپ ئويغىتىدۇ.

باقى ئاخۇن دەهلىزگە كىرىپ كەلگەندە داموللام
ئاللىبۇرۇن جان ئۈزگەنىدى. باقى ئاخۇن نېمە قىلارنى
بىلمەي بىر هازا هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالىدۇ...

بۇ دەهشەتلىك پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان قولۇم -
قوشنىلار دەرهال شەهەرلىك جىيسا (ساقچى ئىدارىسى) غا
قاراپ چېپىشىدۇ.

شەهەر بايلىرىدىن ئۆمەربەگ بىلەن زۇنۇن ئاخۇن
پاششاپ قاتارلىق شەهەر قوغداش خادىملىرى هەش - پەش
دېگۈچە داموللامنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئۆينى
تەكشۈرۈۋېتىپ هويلىدىن بىر قىسقۇچنى تېپىۋالىدۇ.
«ئوغرىلارنىڭ ئەزرائىلى» دەپ داڭ چىقارغان زۇنۇن پاششاپ
قىسقۇچنى ئالغان پېتى ئۇدۇل تۆمۈرچىلەر مەهەللىسىگە



قاراپ بوراندەك چاپىدۇ...

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەستكە ئۇچرىغانلىقى
هەققىدىكى مۇدهىش خەۋەر هەش - پەش دېگۈچە قەشقەرنىڭ
بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە يېتىپ بارىدۇ. كىشىلەر تۇيۇقسىز
قاباهەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ كېتىشىدۇ،
يۈرەكلىرى ئېغىپ، ئەنسىز دۈپۈلدەشكە باشلايدۇ، كۆز
چاناقلىرىغا ئىختىيارسىز ياش كېلىدۇ. هەممەيلەننىڭ
بېشىغا تاغ يىقىلغاندەك، ئالەمنى بىردىنلا قاراڭغۇلۇق
باسقاندەك بولىدۇ. تالىپلار، تىجارەتچىلەر، هۈنەرۋەن -
كاسىپلار، تۇل خوتۇن ۋە يېتىم - يېسىرلار گويا قىيامەت
قايىم بولغاندەك دەهشەت هېس قىلىپ، هوشىنى
يوقىتىپ زار - زار يىغلىشىدۇ. كىشىلەر توپ - توپى
بىلەن داموللامنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ سەلدەك ئاقماقتا
ئىدى، كوچا - كويلارغا ئادەم پاتمايتتى. هەممىلا ئادەمنىڭ
باشلىرى چۈشكەن، تولا يىغلاپ كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى
قىزىرىپ كەتكەنىدى. بۇ كۆزلەردە نامەلۇم قاتىلغا ۋە بۇ
قېتىمقى سۇيىقەستنى پىلانلىغۇچىلارغا بولغان كۈچلۈك
قەهرى - غەزەپ ئوتلىرى ياناتتى. هازىرچىلارنىڭ قىيقاسلىق
نالە - پەريادى قەشقەر ئاسمىنىنى زىلزىلىگە سالماقتا ئىدى.
هازىدارلار بىر - بىرىدىن تەسەللى ئىزلەپ ئۆزئارا
قۇچاقلىشىپ يىغلىشاتتى، قوشاق توقۇپ يىغلىشىۋاتقان
كىشىلەرنى ماڭدامدا بىر ئۇچراتقىلى بولاتتى.

داموللامنىڭ ئۆلۈمى هەققىدىكى شۇم خەۋەر يېزا -
قىشلاقلارنىمۇ لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئابدۇقادىر
داموللامنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى چاقماق تېزلىكىدە
پۈتكۈل شەهەرگە ۋە شەهەر ئەتراپلىرىدىكى قوغان، سەمەن،

ئاۋات، بەشكېرەم، توققۇزاق، ئاتۇش، پەيزاۋات قاتارلىق جايلارغا ئاقىلىنىدۇ. مىڭلىغان شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ، قول ھۈنەرۋەن، كاسىپ، دېھقانلارنىڭ ۋە سودىگەرلەرنىڭ بۇ مۇسىبەتتىن يۈرىكى مۇجۇلىدۇ، ھەممە يەرنى ھەيرانلىق ئىلكىدىكى غۇلغۇلا قاپلايدۇ، ھەممە كۆزلەردىن قاتىللارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرەت ئۇچقۇنى چاقنايدۇ، ھەممە چىرايلاردا قاتىللارغا بولغان ئۆچمەنلىك تېشىغا تېپىدۇ. چۈشتىن كېيىن، قەشقەر كوچىلىرىدىكى جامائەت قوغان، شامالباغ، سەمەن، پاختەكلى، ھەزرەت، نەزەر باغ، ئاتۇش، بەشكېرەم قاتارلىق جايلاردىن كەلكۈندەك دەۋرەپ كېلىشكەن كىشىلەر توپى بىلەن ھەسسىلەپ ئۇلغىيىپ كېتىدۇ. پېشقەدەملەر قەشقەر كوچىلىرىدا بۇنداق مىڭ ـ مىڭ ئادەمنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقىنىغا ھەيران بولۇپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قېلىشىدۇ. شۇ كۈنى قەشقەر كوچىلىرىدا ناۋايلار پۈتۈن بىر كۈن تونۇرلىرىنى توختاۋسىز قىزىتىپ ھارماي نان يېقىپ چىققان بولسىمۇ، ھازىدارلارغا نان يېتىشتۈرۈپ بولالماي قېلىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار داموللامنىڭ روھىدىن قورقۇپ قالمىغان بولسا، ناننىڭ باھاسىنى 10 ـ 20 ھەسسىلەپ ئۆستۈرۈۋەتكەنمۇ بولاتتى...

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ كەڭ ـ كۈشادە ھويلىسى ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن سۇ سەپسىمۇ ئۆتمەيدىغان ئەھۋالغا كېلىپ قالغانىدى. داموللامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىپ يىغلاي دېسىمۇ يېنى يەرگە تەگمەي يېنىدىكى يەنە بىر ھازىدارغا يۆلىنىپ توختاپ قالاتتى. تولا يىغلاپ ھوشىدىن كەتكەنلەرگىمۇ يىقىلىپ چۈشكىلى يەر قالماي، يېنىدىكى ئادەملەرنىڭ قۇچاقلىرىغا



يىقىلىۋاتاتتى... داموللامنىڭ سەپداشلىرى، تالىپلىرى ۋە گۇلاختىن ياندۇرۇپ كېلىنگەن يېتىملەرنىڭ ئاچقان ھازىسى تېخى داموللامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئاچقان ھازىدىنمۇ بەكرەك ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆپكىسى ھېلىدىن ـ ھېلىغا تەتۈر ئۆرۈلۈپ، ھېق تۇتۇپ قالغان ئادەمدەك تېلىقىپ قالغان بولۇپ، يىغلاي دېسە كۆزلىرى قۇرۇپ ياش چىقمايۋاتاتتى، ئىچكىرىكى ئۆيدە ئاياللار داموللامنىڭ تولا يىغلاپ ھوشىدىن كەتكەن قىزى بىلەن ئايالىنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ بولالماي پايپېتەك بولۇشماقتا ئىدى.

يىلانباغرى سەپ تارتىپ كىرىپ كېلىشكەن ھازىدارلار مەرھۇمنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالىشىپ مەيۈس قايتىپ چىقاتتى. داموللامنىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالاشقۇچىلارغا يىلانباغرى سوزۇلۇپ كەتكەن بۇ سەپتىن بىرەر قازان ئاش پىشقۇدەك ۋاقىتتا ئاران بىر ئۆچرەت تېگىۋاتاتتى... بەزىلەر ھەتتا مېيىتقا ئۆزىنى تاشلاپ، پۈتىنى قۇچاقلاپ يىغلايتتى. ۋىدالاشقۇچىلار سېپىنىڭ ئاياغ قۇيرۇقى نەگە بېرىپ توختايدىغانلىقىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. چۈنكى بۇ سەپ داموللامنىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ، خالتا كوچىلارنىڭ بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلىرىغىچە سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. ھەممەيلەن دېگۈدەك يۈرەكلىرىنى يىرتىپ ـ يىرتىپ يىغلايتتى. ھۇ تارتىپ چىققان يىغا سادالىرى ھاۋادا كۈچلۈك دولقۇن ھاسىل قىلىپ يىراق ـ يىراقلارغا ئۇزاپ كېتەتتى.

ناماز ئەسىر بىلەن تەڭ مېيىت سېلىنغان جىنازا داموللامنىڭ ھويلىسىدىن كوچىغا ئېلىپ چىقىلىدۇ، ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان كوچىلاردا يۈزلىگەن كۈچلۈك قوللار

جىنازىنى ھاۋادا تىك كۆتۈرگەندى، جىنازا گويا ئېغىر يۈك كېمىسىدەك ئادەم دېڭىزى ئۈستىدە قايغۇلۇق رەۋىشتە ئاستاغىنە ئۈزۈپ بارماقتا ئىدى. بۇ «كېمە» ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى. چۈنكى ئۇ داموللامغا ھازا ئاچقان پۈتكۈل قەشقەر خەلقىنىڭ يۈرەكلەرنى تىتىپ تاشلايدىغان مۇڭ ـ زارى، قايغۇ ـ ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ ماڭغانىدى. ئۇزۇن تونلۇق تالىپلار بوغۇلۇپ ـ بوغۇلۇپ يىغلايتتى، ساپايىچىلار قوشاق قېتىپ ساپايى چالاتتى. جىنازا ئالدىدا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىر ـ بىرىنى يۆلىشىپ ئاران ـ ئاران كېتىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن بېشىغا ئاق سەللە ئورىغان نەچچە ئونلىغان تالىپلار ھۇ تارتىپ يىغلىغان پېتى ئەگەشمەكتە ئىدى. كوچا قاسناقلىرىدا سەپ ـ سەپ بولۇپ سۈكۈتتە تۇرغان كىشىلەر بۇ ئەلەملىك ھۇ تارتىشلارغا يۈرەكلىرىدىكى خۇپىيانە يىغا ئاۋازلىرى بىلەن ئۈنسىز ئاۋاز قوشماقتا ئىدى. يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە ھەممەيلەن دېگۈدەك ھازىدارلار سېپىگە قىستىلىپ كىرىپ، بىر ـ بىرىگە پۈتلىشىپ، مۆدۈرۈپ قوپۇپ يۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى.

كىشىلەر جىنازىغا قولىنى تەككۈزۈش ئۈچۈن ھەدەپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۆزىنى ئۇراتتى. جىنازا كۆتەرگۈچىلەرنىڭ جىقلىقىدىن جىنازا قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۇراتتى. مېيىت خۇددى ئوغلاق تارتىش مەيدانىدىكى ئوغلاقتا ئوخشاش تالاشتا قالغانىدى. بۇگۈنكى بۇ جىنازا كۆتۈرۈشنى تالىشىش كۆرىكىدە بويى ئېگىز ئادەملەرنىڭ ھەقىقەتەن ئامىتى كەلگەنىدى. جىنازا شۇنداق ئېگىز كۆتۈرۈلگەنىدىكى، ئوتتۇرا بوي ئادەملەر تۇگۈلۈپ تۇرۇپ بار كۈچى بىلەن سەكرىسىمۇ ئالدىراپ جىنازىغا قولىنى تەگكۈزەلمەيتتى.



ئەمەلىيەتتە، جىنازا كۆتۈرگۈچىلەرمۇ جىنازىنى ئالقانلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى بارماقلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتاتتى. جىنازا كۆتەرگۈچىلەرنىڭ جىقلىقىدىن بارماقلارغىمۇ ھېچقانچە ئېغىرلىق چۈشمەيۋاتاتتى. جىنازا ئادەملەرنىڭ بېشى ئۈستىدە تۇغ ـ ئەلەمدەك لەرزان لەپىلدەپ، قەغەز قېيىقتەك ئاستا ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ كوچىلارغا پاتماي كېلىۋاتقان ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ھازىدارلار سېپىنىڭ باش تەرىپىدە، سان ـ ناقىسىز ئالقانلار ئۈستىدە خۇددى قەشقەر خەلقىنىڭ يۈرىكىدەك لىپىلدىماقتا ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مۇبارەك مېيىتى سېلىنغان جىنازەئى تەۋەررۇك قەشقەرنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىدا تولۇق ئايلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاخىر كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغاندا ھېيتگاھ جامەئەسىنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدۇ. جامائەنىڭ ئىچى ـ تېشى، ھېيتگاھ مەيدانى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى كوچىلار مېيىت نامىزىغا قاتناشقىلى كەلگەنلەر بىلەن لىق تولدۇ.

بۇ پەيشەنبە كۈنى ئىدى. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ نامىزىغا داخىل بولۇش ئۈچۈن كۈنبويى ئىشتىن توختىغان 10 مىڭلىغان ئادەم سەپ ـ سەپ بولۇپ، داموللامنىڭ نامىزىنى چۈشۈردۇ. نامازدىن كېيىن قوللىرىغا ھاسا ئېلىپ، تۇماقلىرىنى تەتۈر كىيىشكەن مىڭلىغان تالىپلار:

تاغۇ ـ تاشلار تەۋرىنىپ
قاتتىق چاقماق چاققانمۇ؟
تۇمەن سۇيى قان بولۇپ،
بۇگۈن تەتۈر ئاققانمۇ؟

قەشقەرنىڭ ھاۋاسىنى
چاڭ - تۇمانلار باسقانمۇ؟
قەشقەرنىڭ جاھانىنى
قايغۇ - ماتەم باسقانمۇ؟

ئاي تۇتۇلماس دەپتىمىز،
كۈن تۇتۇلماس دەپتىمىز.
دامموللامغا دۆ يۈزلەر
قەست قىلالماس دەپتىمىز.

بۇلبۇل ئىدىڭ بۇ باغدا،
سايرار ئىدىڭ بار چاغدا؛
دۈشمەن سەندىن ئايرىدى
ئەجەپمۇ يامان چاغدا.

ئېتىڭ بەكمۇ چىرايلىق،
ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ؟
خەلقىمىزگە يول باشلاپ،
ئۆمرۈڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ؟

ئۆلتۈرگۈزدى دۈشمەنلەر،
كۆرەلمىگەن رەقىبلەر،
ساڭا تۆكۈپ كۆز يېشى
يىغلاپ قالدۇق دەردمەنلەر!

جايىڭ بولسۇن جەننەتتە،
ھۆرلەر بولسۇن خىزمەتتە،



ئۇنتۇمايمىز دامموللام،
سىلىنى ئەبەدىلئەبەتكە!

دېگەندەك خەلق توقۇغان مەرسىيە قوشاقلىرىنى ئوقۇشۇپ، دەۋرى ساما سېلىشىپ يول ئېچىشىدۇ؛ بېشىغا سەللە ئورىغان، ھازا كىيىمى كىيگەن مەرھۇمنىڭ يۇزلىگەن دوست - يارەنلىرى، ئاغىنە - بۇرادەرلىرى، بالا - چاقا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى: «ئاھ، دادام، ئاھ، قېرىندىشىم!...» دەپ دات - پەرياد كۆتۈرۈشۈپ ھازا ئېچىشىپ، جىنازا ئالدىدا مېڭىشىدۇ؛ ھېيتگاھتىن تۆشۈك دەرۋازىسىغىچە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان كىشىلەر توپى جىنازىغا ئەگىشىدۇ. مېيىت سېلىنغان جىنازا ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۈزىتىپ چىقىلىدۇ. دامموللامنىڭ جەسىتى ھەزرەتتىكى تاختا كۆۋرۈك دېگەن يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ. قۇياش مېيىت دەپنە قىلىنغان ھامانلا ئۇپۇققا پاتىدۇ. ئېھتىمال ئۇنىڭمۇ دامموللامنىڭ كۆمۈلگەنلىكىنى كۆرەر كۆزى يوق بولسا كېرەك؟

قەبرىستانلىقتا ناھايىتى كۆپ ئادەم توپلانغانىدى، قايغۇ - ھەسرەت دېڭىزىغا غەرق بولغان كىشىلەر ۋەتەنپەرۋەر ئالىم، دامموللا ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقەرىينىڭ جەسىتى بىلەن ئاخىرقى قېتىم ۋىدالاشماقتا ئىدى. بۇ ئېغىر مىنۇتلاردا ھاجى قۇتلۇق شەۋقى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۇنچاق - مۇنچاق ياشلار چۈشەتتى. ئۇ تولا يىغلاپ قەغەز يىرتىلغاندەك چىقىدىغان بولۇپ قالغان ئاۋازى بىلەن تەزىيە نۇتۇقى

سۆزلەيدۇ:

— قېرىنداشلار! چەكسىز قايغۇ - ھەسرەت ئىچىدە مۇتەپەككۇر ئالىم، شائىر، ئىسلاھاتقا يولباشچى - سەركەردە، ئۇستازىمىز ئابدۇقادىر داموللام بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشماقتىمىز، ئۇستازىمىز ھايات ۋاقتىدا خەلقنى مەرىپەتكە، ئويغىنىشقا چاقىردى، شۇنداقلا چەت ئەل ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دىنىي ھەركەتلىرىگە قارشى باتۇرلارچە كۈرەش قىلدى. ئۇنىڭ بۇ باتۇرانە ھەرىكەتلىرى ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنىدىغان چەت ئەلپەرەس يۇندىخور - مۇناپىقلارنىڭ كۆزىگە سىغمىدى. ئۇلار ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان رەزىل خوجايىنلىرىنىڭ ئالدىدا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ، ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، سۇيىقەست ئويۇشتۇرۇپ، داموللامنى بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىدى. لېكىن داموللام ئۆلمىدى، ئۇ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات! بىز قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، داموللامغا قەست قىلغان بۇ مۇناپىقنى پەس قىلىشىمىز كېرەك، خەلقئالەم ئالدىدا يەر بىلەن يەكسان قىلىشىمىز لازىم. ئاللا ھەممىمىزگە مەدەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

ئابدۇقادىر داموللام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلەكداشلىرىدىن تەجەللى ھەزرەت، شەمشىددىن داموللام، مەخمۇت ئاخۇن داموللام، مۇرات رەمزەبەگ ھەزرەتلىرى، چەت ئەلدىكى دوستلىرىدىن ئەنۋەر ساھىپ داموللام، ئالىم، تارىخچى رىزا ئىبنى پەخرىددىن ھەزرەت قاتارلىقلار ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتىغا



ئېچىنىپ، مەرھۇمغا ئاتاپ مەرسىيەلەر يېزىشىدۇ. ئۇنىڭ سۇيىقەستىت بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى چۆچەكتە تۇرۇپ ئاڭلىغان مەمتىلى توختىھاجى تەۋپىقمۇ ئىنتايىن چۆچۈگەن ھالدا:

مەرھۇم داموللا ئابدۇقادىرى ناھەق كەتتىلەر،
گۇناھى نېمە؟ پەقەت بىزگە ھەقنى ئۆگەتتىلەر.

دەپ يېزىپ، ئابدۇقادىر داموللامغا قەست قىلغان مۇتەئەسسىپ، سۇيىقەستچىلەرگە غەزەپ - نەپرىتىنى بىلدۈرىدۇ.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى يازغان مەرسىيە خويمۇ پاساھەتلىك ۋە داموللامنىڭ قىممىتىگە لايىق چىققانىدى. بۇ مەرسىيەدە خەلقنىڭ داموللامغا بولغان يۈكسەك مۇھەببىتى يارقىن ئەكس ئەتكەنىدى:

بۇ زاماننىڭ كەسپىدۇر نەيرەڭ ۋە يەتكۈزمەك زەرەر،
ئادىتى جەبرۇ - جاپا، يوقتۇر مۆرۈۋۋەتتىن ئەسەر.

ۋاھ، ئەجەب چاقى پەلەكنىڭ ئايلىنار تەتۈر ھامان،
ئەيلىگەي لەقۋا - رەزىل، دۈشمەن ئاڭا ئەقلۇ ھۈنەر.

دۇنيائى پانىي بىۋاپا، ئازغۇندا يوق پاكلىق، ساپا،
پىكرى - خىيالىدۇر جاپا، مەردانىلەرگە يوقسەمەر.

كۆپ ئەھلى دانىش خار - زەبۇن، قالمىش يۈرەكتە داخۇن،
شاد يولدىن ئازغانلار، قاناتى يوق تۇرۇپ پەرۋاز ئېتەر.

ئەي ئۇلۇغ ئۇستاز، ھەقىقەت كانىسەن، ھىممەتكە باي،
ئەلنى دەپ ئۆتتۈڭ ھامان، ھەسرەتلىنىپ شامۇ سەھەر.

مەقسىتىڭ ئىسلاھ ئىدى، ھەق سۆزلىدىڭ يۇرتۇڭ ئۇچۇن،
جاھىل رەقىبلەر تويمىدى تارتىپ ساڭا تىغۇ تەبەر.

شۇمپەن سېنى قىلدى شېھىد، دۇشمەنگە قول ۋە پۇت بولۇپ،
مەلئۇن رەقىبلەر مەقسىتى ئەلگە تاراتماقتۇر زەھەر.

دوستلارغا كەلدى بۇبالا، بارچە بۇ غەمگە مۇپتىلا،
دىللار ئەبەد داغ، كەربالا دەستىدە ئاسمان بولدى يەر.

ھەق يولغا سالغان باشپاناھ، بىزدىن يوقالدىڭ ئاھۇ ۋاھ!
قالدى بۇ يۇرت ھالى خاراب، يولباشچىسىز — يوق رەھبەر.

دەھشەتتە ئەتتىڭ بىزنى تەرك، ئۆچتۇڭ ئەي زۇلمەت يۇلتۇزى،
قالدۇق بۇ تۇندە تەمتىرەپ، قىلغاچقا سەن بىۋاقت سەپەر.

بولدۇق مالال باقى قەدەر، يوق سەن كەبى مەردانە ئەر،
ئەھلى كامال يوق بولسا گەر، ھەق نۇرىنى پۇركەر خەتەر.

يارەب، ئۆزۈڭ قىل مەرھەمەت، ئەل قالمىسۇن ھايۋان سۈپەت،
بەرگىنكى ئىنساندەك سۇرەت، ئەيلەپ ئاتا ئەقلۇ نەزەر.

.....



چۇن ھاجى قۇتلۇق ماتەمى، ئايرىلدى ئالى ھەمدەمى،
كەتتى كۆرۈڭكىم ئالىمى، پىنھان بولۇپ مىسلى قەمەر.

ھازىدارلار توپى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قەبرىسى بىلەن قاش قارايغان چاغدا خوشلىشىدۇ.

ھازىدارلار توپى ئىچىدە كېتىۋاتقان مەمتىلاجى شاڭخەي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرىنى بىلىدىغان بىر نەچچىلا ئادەمنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ توپ ئارىسىدا غەمكىن قەدەملەر بىلەن كېتىۋېتىپ، ئىشنىڭ جەريانىنى يىپقا تىزىلغان مارجاندەك بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى...

ئابدۇقادىر دامولللام 1918 - يىلى ھەج سەپىرىدە تاشكەنتتە تۇرۇپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تېخى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ قالايمىقانچىلىقى تەلتۆكۈس ئاخىرلاشمىغانىدى، بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخى تىكلىنىپ بولالمىغانىدى، مىنشېۋىكلار بىلەن بولشېۋىكلارنىڭ كۆرەشلىرى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىۋاتاتتى. ئابدۇقادىر داموللام بىر قېتىملىق نامايىشقا بىلىپ - بىلمەي قاتنىشىپ قالىدۇ. نامايىشچىلار ئارىسىدىكى يۈسۈپ ئىسىملىك بىرسى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ياقا يۇرتلۇق ئىكەنلىكىنى پەملەپ قېلىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ياقا يۇرتلۇق تۇرۇپ، ئۆز پائالىيەتلىرىنى قوللىغانلىقىغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىپ، خەيرخاھلىق بىلدۈرىدۇ. بىر مەزگىل ئۇنى ئۆيىدە قوندۇرۇپ، ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ. ئۇ ھەتتا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھەجگە بارىدىغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، ھەجگىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بارماقچى بولىدۇ.

يۇسۇپ ئىسمىلىك بۇ يوچۇن ئادەم ئابدۇقادىر داموللام بىلەن شەمەي، ئۇفا، قازان، ئورال، تۈركىيە، لوندون، مىسىر، ھىجاز، مەككە قاتارلىق جايلاردا بىللە ساياھەتتە بولىدۇ. ئابدۇقادىر داموللام ھەج سەپىرىنى تۈگىتىپ تاشكەنتكە قايتىپ كەلگەندە يۇسۇپ تاشكەنتتە قېپقالىدۇ، ئابدۇقادىر داموللام شۇ ماڭغانچە قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ.

1923 ـ يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەردىكى چوڭ موللا، ئۆلىما، بايلارنى كۈتۈۋالىدۇ. بۇ كۈتۈۋېلىش زىياپىتىگە ئابدۇقادىر دامولاممۇ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇ كونسۇلخانىنىڭ زىياپەت زالىغا كىرگەندە، كۈتۈلمىگەندە ھېلىقى يۇسۇپ دېگەن كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئابدۇقادىر دامولام كونا تونۇشى يۇسۇپنىڭمۇ مۇشۇ يىغىلىشتا بار ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، زىياپەتكە قاتناشماي دەرھال قايتىپ كېتىدۇ.

ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، جاڭقوغانلىق زۇنۇن ھاجىمنىڭ ئۆيىدە چاي بولىدۇ، بۇ چايغا ئابدۇقادىر دامولام ئاساسلىق مېھمان بولۇپ قاتنىشىدۇ. بۇ چايغا يەنە ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىنايەتخان مەخسۇم، ئابلىراخۇن مەخسۇم، مەمتىلاجى شاڭخەي، چۇمبۇسلۇق مەمتىلاجىم قاتارلىق يۇرت كاتتىلىرىمۇ تەكلىپ قىلىنغانىدى. ئابدۇقادىر دامولام چايدا يۇسۇپنىڭ ئىشىنى يېقىنلىرىغا ئۆز ئاغزى بىلەن يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىردا:

— شۇنىڭدىن بۇيان ئۆزەمدىن ۋەھىمە يەپ قالدىم، — دەيدۇ.



كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەمتىلاجى شاڭخەي دوتەي يامۇلىغا بېرىپ، يۇسۇپنىڭ دوتەيگە يازغان خېتىنى كۆرۈپ قالىدۇ. خەتتە «قەشقەردە ھازىر بىر ئادەم بار، بۇ ئادەم تالىپلارغا تارىخ، جۇغراپىيە، ھېساب ئۆگىتىمەن دەپ يۈرەرمىش. بۇ ئادەم تارىخ، جۇغراپىيە، ھېساب ئۆگىتەمدۇ؟ شۇڭا بۇ ئادەمدىن ھوشيار بولۇش كېرەك» دەپ يېزىلغانىدى.

دوتەي شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆمەرباي ئارقىلىق ئابدۇقادىر دامولامنى سۈرۈشتۈرىدۇ. ئۆمەرباي ئابدۇقادىر دامولامنىڭ ياخشى تەرىپىنى قىلىدۇ. ئەمما دوتەي بۇنىڭغا ئىشەنمەستىن، مەدرىسەدىكى تالىپلارنى سۈرۈشتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. ئۆمەر باي ئابدۇقادىر دامولامنىڭ دەرس ئارىلىقىدا تارىختا ئائىت بىلىملەرنى قىستۇرۇپ بايان قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى تالىپلار ئارقىلىق بىلگەندىن كېيىن، «دوتەي تارىخ سۆزلىگەنگە ئۇنچىۋالا ئاچچىقلىنىپ كەتمەس» دەپ قاراپ، دوتەيگە مەلۇم قىلىدۇ. دوتەي ئابدۇقادىر دامولامنى خەتەرلىك ئادەم ئىكەن دەپ قاراپ، ئۇنى يوقىتىش قارارىغا كېلىدۇ. دوتەي خىزمىتى بەدىلىگە 300 سەر كۈمۈش تەڭگە بېرىش، ئۇنىڭ ۋە بالا ـ چاقىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئەبەدىي كاپالەتلىك قىلىش شەرتى بىلەن، قاتىل ئەخمەتنى ياللىۋېلىپ، ئابدۇقادىر دامولامنى ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە، مەمتىلاجى شاڭخەي توساتتىن قاتىلنىڭ تۇتۇلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇش بولۇپ يايراپ كېتىدۇ.

ئارىدىن يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتمەي، «ئابدۇقادىر دامولامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل تۇتۇلۇپتۇ» دېگەن خەۋەر

قەشقەرنى يەنە بىر قېتىم زىلزىلىگە سالىدۇ. كوچا ـ كويدا، چوڭ ـ كىچىك، قېرى ـ ياش ھەممىسى ئۇچتىن ـ تۆتتىن بولۇپ، شۇ توغرىدا قىزغىن پاراڭلاشماقتا ئىدى. «ئەخمەت مەزىن ئۆلتۈرۈپتۇ» «ۋاي قارا يۈز مۇناپىق»، «ئىت ئۆلۈمىدە ئۆلەرسەن» دېگەن قارغىشلار كوچا ـ كويلارنى بىر ئالىدۇ. زۇنۇن پاشاپ تۆمۈرچىلەر مەھەللىسىدىن زىغىرلاپ سۈرۈشتۈرۈپ قىسقۇچنىڭ ئىگىسىنى تېپىۋالغانىدى. قىسقۇچنىڭ ئىگىسى ئانچە ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا قىسقۇچنى داموللام ئۆلتۈرۈلگەن كۈندىن بىر كۈن ئىلگىرى ئەخمەت مەزىننىڭ ئارىيەتكە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلدۇ. زۇنۇن پاشاپ مىرشاپ، چاكارلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ھايال ئۆتمەيلا ئەخمەت مەزىننىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىدۇ. بۇ چاغدا ئەخمەت مەزىن كىيىم ۋە بەدەنلىرىدىكى قان داغلىرىنى يۇيۇۋاتقانىدى. زۇنۇن پاشاپ ئەخمەت مەزىننىڭ پۇت ـ قوللىرىغا كىشەن سېلىپ، پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي دېگۈدەك ئېلىپ كېلىپ، شۇ كۈنىلا بەگلىك ئورۇن بولغان دېڭزا تۈرمىسىگە قامايدۇ. ئۆمەر بەگ سوراق جەريانىدا ئۇنى ئىقرار قىلغۇزىدۇ. ئۆمەربەگ ئەخمەت مەزىننىڭ ئىقرارىدىن قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ئەخمەت مەزىنگە يول كۆرسەتكۈچىلەر ئادەتتىكى ئادەم ياكى كىچىك بىر ئورۇن ئەمەس ئىدى. ئۆمەربەگ بىلەن زۇنۇن پاشاپلار شەھەرنى ئۆز چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان كاتتا كىشىنىڭ ئالدىغا ئۇندىمەيلا ئۇدۇل بارىدۇ. ئۇلار ئەخمەت مەزىننىڭ ئىقرارىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىدۇ. ئۆمەربەگ بۇ ھادىسىگە چېتىشلىق «كاتتىلار» لارنىڭ ئىسمىنى ئۇچۇقتىن ـ ئوچۇق



ئېيتمىغان بولسىمۇ، بىراق «كاتتا كىشى»نىڭ چىرايى سارغىيىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇ سىر ئاشكارىلانسا، شەھەردە قانداق كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ چىقىشى ئۇنىڭغا ئاياقتىكى ئاشتەك ئاپئايدىڭ ئىدى. شۇڭا ئۇ دەررۇ «ئەقىل تېپىپ» چۆچەكتەك ئىككى كۈمۈش يامبۇنى بەگ بىلەن پاشاپنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك ھەم چىگىش دېلودىن گاڭگىراپ تۇرغان ئۆمەربەگ بىلەن زۇنۇن پاشاپنى شەھەر كاتتىسىنىڭ بۇ سوۋغىسى تېخىمۇ چىڭ ئىسكەنجىگە ئېلىۋالىدۇ...

ئۇلار قايتىپ كېلىپلا ئەخمەت مەزىنگە بارلىق جىنايەتلىرىدىن تېنىۋېلىش كېرەكلىكىنى، بولمىسا ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى تەھدىت سېلىپ تۇرۇپ جېكىلەيدۇ. دوتەيمۇ ئۇلارغا ماسلىشىپ قاتتىق سوراق قىلىش، ئىنچىكە تەكشۈرۈشلەرنىمۇ ئېلىپ بارماي، داۋانى قەستەن كەينىگە سۈرىدۇ. دوتەي پەقەت قاتىلنى قاماپ قويۇش بىلەنلا ئىشنى تامام قىلىدۇ. ئەخمەتنى جىنايى جاۋابكارلىقتىن قاچۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق چارە كۆرمەيدۇ. قۇتلۇق ھاجى شەۋقى قاتارلىقلار خېلى چاپقان بولسىمۇ، «پاكىت تولۇق ئەمەس» دېگەن پەتىۋا بىلەن يولغا سېلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇقادىر دامولامنىڭ ئۆلۈمى يوشۇرۇن بىر سىرغا ئايلىنىدۇ. ئەخمەت مەزىن دوتەينىڭ سوراقلىرىدا دامولامنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنى پىلانلىغۇچىلار، بۇيرۇق بەرگۈچىلەر ھەققىدە ھېچنىمىنى ئاشكارىلىمايدۇ. ئەكسىچە، دامولامغا بىر مۇنچە بەتناملارنى چاپلاپ، دامولام قەشقەرگە قازى بولغان چاغلاردا، ئۇنىڭغا بىر ئىشتا ناھەق پەتىۋا

چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە سورۇقچىلىق سالغانلىقىنى داموللامنى ئۆلتۈرۈشنىڭ سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىپ، كىرپىدەك تۈگۈلۈپ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى ھېلىمۇ قاپتەك ئىدى، چۈنكى ئارقا تىرىكى يوغان ـ دە؟!

ئابدۇقادىر داموللام قەتلى قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى يۈسۈپ توقام دېگەن كىشىنىڭ: «بۇ ئۆمەربايىنىڭ قىلغان ئىشى» دېگەن گېپى كوچا ـ كويلاردا ئېقىپ يۈرىدۇ. بۇ سۆزگە ئاساسەن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ شاگىرتلىرى ئۆمەربايىنى ئىزلەپ ھېسابلاشماقچى بولغاندا، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم ئوتتۇرىغا چىقىپ: «بۇ ئۆمەربايىنىڭ قىلغان ئىشى ئەمەس، ئابدۇقادىر داموللام شۇھېد دوختۇرخانىسىغا ئوت قويغانلىقى ئۈچۈن شۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن» دەپ ئۇلارنى توسىدۇ. ئۆمەرباي ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش جەريانىدىن پۈتۈنلەي خەۋەردار بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ پۈتكۈل سودا ئىشى چەت ئەل بىلەن بولىدىغان بولغاچقا، بۇ سىرنى تىنىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بۇ سىرنى بىلىدىغان ئىنايەتخان مەخسۇم، ئابلىزاخۇن مەخسۇم، مۇساخان تېۋىپنىڭ ئوغلى ئابدۇۋايىت ئاخۇن، ئوردا ئالدىلىق مامۇت ھاجىم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ھاجىم، مەمتىلاجى شاڭخەي، جاڭقوغانلىق زۇنۇن ھاجىم، خانئېرىقلىق ئىمىن ئاخۇن خەلپىتىم قاتارلىقلار: «ئابدۇقادىر داموللامنى شۇھېدلار ئەمەس، ئورۇسلار قول تىقىپ ئۆلتۈرگۈزدى» دېگەنلىكى ئۈچۈن، دوتەي بۇلارنى تۇتۇپ، ھەپسىگە سولاپ قويىدۇ. ئىنايەتخان مەخسۇم، ئابلىزاخۇن مەخسۇملار بۇ ئىشنى ئىككىنچى تىنماسلىققا ۋەدە قىلىپ، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىدۇ. جامال ئاخۇن



خەلپىتىم كاتتايلاقتا، زۇنۇن ھاجىم غۇلجىغا، مەمتىلاجى شاڭخەيگە كېتىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆلۈمىنىڭ سىرى يېشىلمەي شۇ پېتى بېسىلىپ قالىدۇ.

دەل شۇ كۈنلەردە، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ھىندىستاندا ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپلا، ئوقۇشنى يېرىم يولدا توختىتىپ، قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ھۆكۈمەتتىن دادىسىنىڭ ھەقىقىي قاتىلىنى تېپىپ جازالاپ بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەخمەت مەزىننىڭ تەرسالىقى تۈپەيلى بۇ دەۋا ھەل بولماي ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ باش ئاغرىقىدىن زىرىككەن ھۆكۈمەت ئاخىرى ئەخمەت مەزىننى تۆمۈر قەپەزگە سولاپ ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋاپاتى ئەينى دەۋردە يالغۇز ئوتتۇرا ئاسىيانىلا ئەمەس، ھەتتا غەربىي ئاسىيا، جۈملىدىن مۇسۇلمان شەرق ئەللىرىنىمۇ قاتتىق زىلزىلىگە سالغانىدى.

ئەلنى قان ـ قان يىغلاتقان بۇ قېتىمقى پاجىئەگە «سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتىپ» يۈرۈپ، ئاستىرتىن قوماندانلىق قىلىۋاتقان كىشى يەنىلا شىنجاڭ تارىخىدىكى ئۇچىغا چىققان سىياسىي سېھىرگەر ياڭ زېڭشىن ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام قەتلى قىلىنىپ، قەشقەر خەلقى يىغلاپ ئېقىپ كېتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئۈرۈمچىدىكى كاتتا ئىشخانىسىدا نەچچە يىل ئىلگىرى بېيجىڭغا بېرىپ يەرلىك مىلتارىست يۈەن شىكەي بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىنى ئەسلەپ، ھوزۇرلىنىپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ

خيال سۇرىدۇ:

شۇ چاغدا جۇڭخۇا مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدىكى خىزمەت بىناسىدىكى ياساداق ئىشخانىسىدا ئاللىكىملەرگىدۇر ۋەزمىن تەلەپپۇزدا بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتقان يۇەن شىكەي سۇندۇك ساقىلىنى سىيپاپ كىرىپ كەلگەن ياڭ زېڭشىننى ئىش ئۈستىلىدىن ئايرىلىپ ئالدىغا ئىككى قەدەم چامداپ بېرىپ كۈتۈۋالدى. قىزغىن ئەمما سۇنئىي يوسۇندا داۋاملاشقان شۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشتە ئۇلار يۇمشاق دىۋاندا يانمۇ يان ئولتۇرۇشۇپ ئۇزاق سۆھبەتلەشتى، باشقىلار ئىشخانىدا ئىككىيلەننى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى.

ھەزرەتلىرى سىياسەت بابىدا پىشقان ئۆلىما، شىنجاڭنى كۆڭۈلدىكىدەك باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلىرىغا ئىشەنچىم كامىل، — دەيدۇ. يۇەن شىكەي ياڭ زېڭشىنغا قەدىناس بۇرادىرىدەك يېقىنچىلىق تەلەپپۇزىدا گەپ باشلاپ.

— شىنجاڭنى ئۇزاقتىن بېرى مىقتەك تۇتۇپ تۇرۇۋاتىمەن، ئاز بولسىمۇ يەرلىك مەھسۇلاتتىن ئۆزلىرىگە ئالغاچ كەلدىم.

— ياڭ زېڭشىن تاۋا رەختكە ئورالغان 10كېسەك ئالتۇننى پەتنۇسقا قويۇپ سۇنغان چېغىدا ، يۇەن شىكەي ئىچكى خۇشاللىقىنى قۇۋۇلۇق بىلەن يوشۇرۇۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈرەلىگەنىدى:

— ئاڭلىسام، شىنجاڭدا ئەسكىرىي كۈچ بەك ئاز ئىمىش، مۇشۇ ئالتۇنلارنى قايتۇرۇپ كېتىپ ئەلنى ئىدارە قىلىشتا مۇھىم تۈۋرۈك ھېسابلىنىدىغان ئەسكىرىي كۈچلەرنى كۆپەيتىش ئىشىغا سەرپ قىلساق بولماسمۇ؟ —



دەيدۇ يۇەن شىكەي قىسقا بىر دەملىك ئويلىنىشتىن كېيىن دىققىتىنى يەنە ياڭ زېڭشىنغا ئاغدۇرۇپ.

— دەرۋەقە، ھازىر بار - يوق ئەسكىرىي كۈچۈم 10 مىڭغىمۇ يەتمەيدۇ، — دەپ گەپ باشلايدۇ ياڭ زېڭشىن ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئاستىرتىن يۇەن شىكەيگە تىكىپ، — بىراق ھازىر ئاشۇ ئازغىنا ئەسكەرمۇ ماڭا ئارتۇقلۇق قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار قىلغىلى ئىش يوق، بىكار لەڭ يەپ يېتىۋاتىدۇ. شىنجاڭلىقلارنىڭ كاللىسىدا سىياسىي سەزگۈرلۈكتىن ئەسەرمۇ يوق. مىڭ ئادەمدىن كۆپىنچىسى خەت تونۇمايدۇ. بىراق يېقىندا ئۇلاردىن بىر نەچچە مەرىپەتچى تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەكلا پەيدا بولۇپ قېلىپ مېنى بىرئاز ساراسىمگە سېلىۋاتىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۇەن شىكەي بىرئاز جىددىيلىشىدۇ.

— قەشقەردىن ئابدۇقادىر داموللا دەپ بىرسى چىقىپ ئىشنى بۇزۇۋاتىدۇ. ئۇنى ئۇياقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بولغۇچە بۇياقتىن قول سېلىپ جايلىۋەتمىسەم بولمىغىدەك.

— قېنى، قانداق چارە - تەدبىر بىلەن ؟

— ئەلۋەتتە، يەنە باشقىلارنى دەيدەيگە سېلىپ، ئۆزىنىڭ قولى بىلەن جايلايمەن، — دە!

— بىراق، ئۇلارنىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئابرۇيى بىلەن ھېسابلاشماي بولمايدۇ. زۆرزۈر تېپىلغاندا قۇربانلىق قوي تەدبىرنى ئىشلىتىش كېرەك.

— ھازىرچە بۇ ئىشتا مېنىڭ ئاستىرتىن يەل بېرىۋاتقىنىمنى ھېچكىممۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. ھەتتا قەشقەرلىكلەر ياڭ ھەزرەتلىرىنىڭ ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان - ئاڭلىمىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. لېكىن

پېقىر بۇنداق ئادەملەرگە كەلگەندە ناھايىتىمۇ سەگەك. ئەمما ئىشنى شۇ دەرىجىدە پۇختا بىر تەرەپ قىلىشۋېتىمەنكى، ھەتتا قەشقەرنىڭ دوتيىمۇ بۇ ئىشتا مېنىڭ قولۇم بارلىقىنى ئۇقماي قالىدۇ.

— ئاپىرىن، ئاپىرىن! — دەيدۇ شۇ چاغدا يوەن شىكەي، — ھىيلە - مىكىر بابىدا ھەزرەتلىرىگە مۇرت بولسام بولغۇدەك.

— تولىمۇ ئاشۇرۇۋەتتىلە! — دەيدۇ ياڭ زېڭشىن ساختا كەمتەرلىك بىلەن، — يەنە بىر مەسىلە شۇكى، ھازىر رۇس، ئىنگلىز ۋە شۋېدلار شىنجاڭدا بەس - بەس بىلەن ھەدەپ ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتىشمەكتە. بۇنداق دىپلوماتىيە مەسىلىلىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان ئىشلاردا جانابلىرىنى دانىشمەن دېمەي بولمايدۇ، دانا مەسلىھەتلىرىنى پېقىردىن ئايىمىغايلا.

— ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئەپ ئۆتمەك لازىم. ئەمما ئۇلار ئارىسىدا ئۆزئارا دەتالاش ۋە نىزا پەيدا قىلىپ تۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ ئىنگلىزلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر. ئۇلارنىڭ يەرلىك پۇقرالار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق كونترول قىلىش كېرەك.

ياڭ زېڭشىن شۇ تاپتا شىنجاڭدىكى ئوردىسىدا لۆم - لۆم دېۋاندا ئولتۇرۇپ شېرىن خىياللارغا غەرق بولغانىدى: چىرايلىق بىر خانىم پەي يەلپۈگۈچ بىلەن ئۇنى ھەدەپ يەلپۈپ ئولتۇراتتى، يەنە بىر خانىم تامغا ئېسىلغان مۇنۇ نەزمىنى ئاۋايلاپ سۈرتمەكتە ئىدى:



جۇمھۇرىيەت تۈنجى رەت قىلدى ئىنزھار مەرىپەت،
ئۇيات ئەمدى بەش خاقان، يەتتە بەگدەك دەۋرىمەك؛
جۇڭيۈەندىكى غوغاغا پەرۋا قىلىش نە كېرەك؟
چېگرا ديار بەئەينى باغۇ ئېرەم ھۆسنىدەك.
مۇسۇلماننى جەنۇبتىن شىمالغىچە بەنت قىلساڭ،
ئىپتىدائىي پۇقرالار ئاڭقاۋ بولسا ئەۋزەلرەك.

ياڭ زېڭشىن شۇ تاپتا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى قانداق قىلىپ بىخەتەر داۋاملاشتۇرۇش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، يېنىدا تۇرغان لاۋ زىنىڭ كىتابىنى بىرەر قۇر ۋاراقلاپ كۆرۈپ، يەنە جايىغا كۆرۈپ قويىدۇ. ئۇ داڭلىق پەيلاسوپ لاۋ زىنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق بولغان كالاملىرىنى ئۈزۈپ ئېلىپلا ئۆز سىياسىتىگە سۈيىئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقانىدى. لاۋ زىنىڭ «ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، ئەلنى ئىدارە قىلىش» تەلىماتى ئۇنىڭ قالتىس ھەۋىسىنى قوزغىغانىدى. «لاۋ زى ھەزرەتلىرى توغرا ئېيتىدۇ دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە، — ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلار ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئىدارە قىلىشى كېرەك. ئاۋام خەلقنى مەڭگۈ باردى - كەلدى قىلدۇرماسلىق كېرەك. بىر ئادەم كۆز - قۇلاقنى مەھكەم ئېتىۋالسا، كۈنلىرى مەڭگۈ تىنچلىقتا ئۆتىدۇ. يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلسا، جاھان تىنچ بولىدۇ. كۆز - قۇلاقنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ گاس - قارىغۇ بولۇۋېلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن سىرتنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى، يات كۈچلەرنى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ...
دۇرۇس، كۆز - قۇلاقنى ئېتىۋېلىپ دۆلەت چېگرىسىنى

پۇختا قىلىش، ئازراقمۇ يوچۇق قالدۇرماسلىق كېرەك. قوشنا دۆلەتلەر بىر - بىرىگە چېگرىداش بولۇپ، توخۇلىرىنىڭ چىللاشلىرى، ئىتلىرىنىڭ قاۋاشلىرى بىر - بىرىگە ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، ئادەملەر مەڭگۈ بېرىپ - كېلىش قىلمىسا، قوشنا دۆلەتلەر ئاندىن ئۆز - ئارا ئىناق، تىنچ ئۆتىدۇ. ئۆز - ئارا باردى - كەلدى قىلىپ قالسا، ئوتتۇرىدا دەرھال رىقابەت پەيدا بولىدۇ. سىرت بىلەن ئالاقە بولمىسا، سىرتتىن بالايىئاپەتمۇ تەگمەيدۇ. ئالاقە سۈيىقەستچىلەرگە يول ئاچىدۇ، ئۇلار خۇددى چاشقان سېپىلنى تېشىپ كىرگەندەك، چۈمۈلە ئۇۋا كولىغاندەك، قۇمغا سۇ سىڭگەندەك، ئۆيگە بوران كىرگەندەك بىر - بىرىنىڭ زېمىنىغا كىرىۋالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى يوچۇق بولمىغان ياخشى. ئەگەر ئازراق يوچۇق بولسىلا، ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىرىۋالىدۇ. شۇڭا ئىشىكنى قەتئىي تاقىۋالماي بولمايدۇ... خەلقنى ئىدارە قىلىشنىڭ تەس بولۇشى بىلىملىكلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن بولغان. خالايىقنىڭ بىلىم ئۆگىنەمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن... بىلىم ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلىش — ئەخمەقنىڭ ئىشى. بىلىم دېگەن بۇ نەرسە دۆلەتكە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ، خەلقنىڭ بىلىمى ئاشقانسېرى ئۇلار يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، يامان ئىشلارنى ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ۋەقە پەيدا قىلىپ دۆلەتنى مالىماتاڭ قىلىشتىن باش تارتمايدۇ... ھۈنەر - تېخنىكىسى بار ئادەملەردىن بىرى كۆپ بولسا، دۆلەتكە ئاپەت كەلتۈرىدىغان ئادەمدىن بىرسى كۆپىيىدۇ. جاھاندىكى بىغەرەزلىكنى كۆپىنچە ئەقىللىق ئادەملەر قىلىدۇ... مەكتەپلەر ياخشى ئەمەس،



ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەلىماتلار ئارقىلىق پايدىسىز ئۇرۇقلار تارقىتىلىدۇ. شۇڭا بارلىق مەكتەپلەرنى بىكار قىلىپ تاشلىماي بولمايدۇ. مەن ئادەم ئىشلىتىشتە نادان كىشىلەرنى ئىشلىتىسەم ئىشلىتىمەنكى، ھەرگىزمۇ ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەرنى ئىشلەتمەيمەن... ياڭ زېڭشىن ئەنە شۇنداق مۇدھىش خىياللار بىلەن ئولتۇرغىنىدا، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان بىر ئەسكەر كىرىپ كېلىپ قەشقەردىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئۇلارغا كىرىشكە ئىجازەت بېرىدۇ. بىر ئەلچى كىرىپ كېلىپ ياڭ زېڭشىنغا ئىككى پۈكلىنىپ تازىم قىلىدۇ:

— ياڭ ھەزرەتلىرىگە مەلۇم بولغايكى، ئابدۇقادىر داموللا قازا قىلغاندىن كېيىن قەشقەر تەۋرەپ قالدى. توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ. دوتەي ھەزرەتلىرى جاناپلىرىنىڭ جىددىي كۆرسەتمە بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىپ مېنى ئەۋەتتى.

— ئابدۇقادىر داموللا دېگىنىڭ كىم؟ — دەيدۇ ياڭ زېڭشىن ئەتەي بىلمەسكە سېلىپ.

— قەشقەرلىكلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭدا پەيغەمبەردەك ئىناۋەتتى بار كاتتا ئۆلىما. ئۇنى ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئەخمەت دەيدىغان بىرسى ئۆلتۈرۈۋېتىپتىكەن. قاتىل ھازىر سولاقتا.

— ھۇ، بەتبەختلەر! شۇنداق كاتتا ئۆلىمانى ئۆلتۈرۈشكە قانداقمۇ قولى بارغاندۇ؟ قەشقەردە شۇنداق بولمىغۇر ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتسا، دوتەي نېمىش قىلىپ يۈرۈپتۇ؟ ئەپيۇن بىلەن تەتەيگە قاچانمۇ تويار بۇ بەڭگە! — ياڭ زېڭشىن سۈندۈك ساقىلىنى يالغاندىن تۇتاملاپ

قويىدۇ - دە، بىردەم سۈكۈتكە چۆمىدۇ. ئەلچى بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كۆتۈرەلمەي قالىدۇ. بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن يۇمشاق تەلەپپۇزدا گېپىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، — ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك، ئۆزۈڭلارگە سۇ يۇقتۇرماڭلار. ئىشنى شۈبھىلارغا دۆڭگەپ قۇتۇلۇڭلار. قاتىلنى خەلقى ئالەم ئالدىدا سازايى قىلىپ قىيناپ ئۆلتۈرۈڭلار ۋە ئۇنىڭ كاللىسى ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىڭلار. توپىلاڭ كۆتۈرۈش خەۋپى بولۇپ قالسا، ئاز - تولا ھەيۋە قىلىپ تېرە تاراقشىتىپ قويۇڭلار. لېكىن پىلتىگە ئوت يېقىپ قويىدىغان ئىشتىن ساقلىنىڭلار.

ئەخمەت مەزىن ئۈرۈمچىگە يالاپ ئېلىپ كېلىنىپ ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە، ئابدۇلئەزىز مەخسۇممۇ ئۈرۈمچىگە تاپ باستۇرۇپ يېتىپ كېلىپ، ياڭ زېڭشىنغا بىۋاستە ئەرز سۇنىدۇ. ھۆكۈمەت تەرەپ ياڭ زېڭشىنىڭ مۇجمەل پەرمانىغا ئاساسەن ئەخمەت مەزىننى ئېتىپ بېرىشنى قارار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇلئەزىز مەخسۇم بۇ قارارغا قارشى ھالدا ھەقىقىي قاتىللارنى تېپىپ جازالاپ بېرىشتەك ھەققانى تەلەپىدە چىڭ تۇرىدۇ. مەزىن ئاخىرى ھەممىنى ئىقرار قىلغان بولسىمۇ، قەشقەر كاتتىلىرى سۆڭگۈتىشۋەتكەن سوۋغا - سالاملاردىن تىلى تۇتۇلغان ئۈرۈمچىدىكى ئەمەلدارلارمۇ بۇ سىرنى ئاشكارا قىلىشنى خالىمايدۇ.

كېيىنچە ئەخمەت مەزىن سولاقتىن بوشىتىلىپ قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇ ئارقا تىرىكى كۈچلۈك قاتىل ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا بىر مەزگىل لاغايلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن



بۇ ئىشتىن خەۋىرى بارلىكى كىشىلەرنىڭ تىل - ئاھانەت، دەشناملىرىدىن زادىلا قۇتۇلالماي، ياقا يۇرتلارغا باش ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئېلىشىپ قېلىپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆزى چىچقان پوققا بېشىنى مىلىگەن پېتى ئۆلۈپ قالىدۇ...

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئابدۇكېرىمخان قاتارلىق ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مەرىپەتپەتچىلىك پائالىيىتىگە قاتناشقان بىر مۇنچە ياشلار قولغا ئېلىنىپ ئاقسۇ تۈرمىسىگە قامىلىدۇ. مۇساباي جەمەتىدىكى ھۈسەيىنباي بىلەن باۋۇدۇنباي 1926 - يىلى ۋە 1928 - يىلى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ھاجى ئەلى قاتارلىقلار ئىلگىرى يېڭىچە مائارىپ ئارقىلىق ئاقارتىش ھەرىكىتىگە جېنىنىڭ بېرىچە كۈچىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارغا بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى سۈپۈرۈپ تاشلاشتىن باشقا يول قالمىغانىدى. ھاجى ئەلى مۇساپە ئەمدى يېرىملاشقاندا تاشكەنتتە ۋاپات بولىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام ۋە مۇساباي جەمەتى ساپ مەرىپەتپەرۋەرلىكنى چىقىش قىلغان ئاساستا يېڭىچە مائارىپنى ئېلىپ كىرىشكە تۈتۈش قىلغانىدى. بىراق ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى قارشىلىق تۈپەيلىدىن كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. لېكىن ئەكسىيەتچى دائىرىلەرنىڭ باستۇرۇشى خەلققە ئويغىنىش پۇرسىتىنى ئاتا قىلىدۇ. ئىچكى قىسمىدىكى قارشىلىشىشنىڭ ئاشكارا مەۋجۇت بولۇشى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ باستۇرۇشىغا باھانە

بولدۇ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مەرىپەتچىلىك پائالىيىتى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئويغىنىش شىنجاڭدىكى مىللىي ھەرىكەتلىرىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتتىدۇ. 1931 - يىلى قۇمۇلدا پارتلىغان خەلق قوزغىلىڭىنىڭ ئۇرۇش ئوتى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كېڭىيىپ، 1933 - يىلى ماشاۋۇ ھوقۇق تۇتۇۋاتقان قەشقەرگىچە يېتىپ باردىدۇ. شۇ يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، غەلىيانچى كۇچلەرنىڭ بىرى بولغان ئوسمان باشچىلىقىدىكى نەچچە يۈز قىرغىز ئەسكەر قەشقەر شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقى بىلەن ئاستىن ئاتۇشتا پەيدا بولىدۇ. ئاستىن ۋە ئۈستۈن ئاتۇشتىكى ئۇيغۇر ياشلىرىدىن 350 دەك پىدائىي يىغىلىپ قوشۇنىنىڭ بىر قانىتى بولۇپ تەشكىللىنىدۇ. بۇ قوشۇننىڭ ھەربىي مەشىقىگە ئۈستۈن ئاتۇشتىكى يېڭىچە مەكتەپلەردە مەمتىلى توختاجى تەۋپىق ۋە تۇرسۇن ئەپەندىلەر تەربىيىلىگەنلەر مەسئۇل بولىدۇ.

ئوسماننىڭ قوشۇنى شەھەرگە كىرىپ قەشقەرنى ئازاد قىلغاندا، ئاقسۇدىن ھەپسىدىن ئازاد بولۇپ يۇرتىغا قايتقان ئابدۇكېرىمخاننى مەركەز قىلغان مائارىپ ئورگىنى قۇرۇلۇپ، تۇرسۇن ئەپەندىمۇ قەشقەرگە يۆتكەپ كېلىنىپ ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەشكە مەسئۇل قىلىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ مۇساباي جەمەتى ۋە ئابدۇقادىر داموللىلار ئۇرۇق سالغان قەشقەردىكى يېڭىچە مائارىپ بىر مەزگىل شېڭ شىسەينىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، 1933 - يىلىدىن باشلاپ، بىردەملىك باھارنى كۈتۈۋالىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام خەلقىمىز ئىچىدىن چىققان مەرىپەتچى، يېڭى مائارىپ بايراقدارى، جۇڭخۇا



مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ئىدى، ئۇ دۇنيادىن ھەرگىز قۇرۇق قول كەتمىدى. ئابدۇقادىر داموللام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى قەشقەر قازانچى يار بېشىدا قۇرۇلغان «مۇھەممەدىيە» مەتبەئەسىدە، دەمەشقتە، جىددەدە نەشر قىلىندى. ئۇ يازغان «جاۋاھىرۇل ھىقان» (ھەقىقەت جەۋھەرلىرى)، «ئىرشادىل مۇسلىمىن» (مۇسۇلمانلار يېتەكچىسى)، «شەرھىي ئامالى» قاتارلىق ئەسەرلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كۇتۇپخانىلاردا، قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش ئىشخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقاندىن تاشقىرى، مىسىرنىڭ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

بىر رۇس ئالىمى شۇنداق دەيدۇ: «مىللەتتە بىر مەكتەپ كۆپەيسە، بىر تۇرمە ئازىيىدۇ، بىر ئالىم كۆپەيسە، شۇ مىللەتنىڭ بېشىغا چۈشكەن جاھالەتنىڭ ئۆمرى بىر يىل قىسقىرايدۇ». ئالىملىرىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىغان خەلق جاھالەت ۋە نادانلىق ئاسارىتىدىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇغوپۇر سەئىدىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

تارىخي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر ـ 6
(3)
**يېڭى مائارىپ بايراقدارى — ئابدۇقادىر داموللا**

ئاپتورى: باتۇر روزى
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1029 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 4
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 5000
ISBN 7—228—08010—6
ئومۇمىي باھاسى (1—5) : 30.00 يۈەن
(يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن)